# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم


ئىبنى فەزلاننىڭ ساياھەتنامىسى .................................... 1


## ئىككىنچى قىسىم


ئەبۇ دۇلەفنىڭ «رىسالە» سىدىن تۈرك ئەللىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىسمى .................................... 41


## ئۈچىنچى قىسىم


مەرۋەزىنىڭ ئەسىرىنىڭ تۈركلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىسمى .................................... 47

## تەھرىر ئىلاۋىسى

«ئىبنى فەزلاننىڭ ساياھەتنامىسى» — ئەرەب سەيياھلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا توغرىسىدىكى ئەڭ قەدىمكى ماتېرىياللىرىدىن بىرى بولۇپ، مەزكۇر ئەسەردە X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەھۋالى (جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، قەبىلىلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى ۋە باشقىلار) ساياھەت خاتىرىسى ئۇسلۇبىدا بايان قىلىنىدۇ. مەزكۇر ئەسەر قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا توغرىسىدىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال بولغاچقا، نەچچە ئەسىردىن بۇيان، ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئالىملارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان ۋە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئەرەب، نېمىس، فرانسۇز، رۇس، چېخ ۋە ياپون تىللىرىدا نەشر قىلىنغان. تارىخ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، مەزكۇر ئەسەرنىڭ 1975 - يىلى تۈركىيە «بەدىر» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان تۈركچە نۇسخىسىدىن بەزى جايلىرىنى سەل قىسقارتىش ئاساسىدا تەرجىمە قىلىپ باستۇق. ئىبنى فەزلاننىڭ ساياھەتنامىسىدىن باشقا، ئەبۇ دۇلەفنىڭ «رىسالە» سىنىڭ تۈركلەرگە مۇناسىۋەتلىك قىسمى بىلەن مەرۋەزىنىڭ ئەسىرىنىڭ تۈركلەرگە مۇناسىۋەتلىك قىسمى قوشۇمچە قىلىندى. كىتابخانلارغا چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن، تۈركچىگە تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئىزاھلىرى ساقلاپ قېلىندى. كىتابخانلارنىڭ تەنقىدىي پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

بىرىنچى قىسىم

# ئىبنى فەزلاننىڭ ساياھەتنامىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

## مۇقەددىمە

بۇ كىتاب مۇھەممەد بىن سۇلايماننىڭ ۋەلىسى ۋە خەلىپە ئەل مۇقتەدىر بۇلغار [ساقالىبە (1) ھۆكۈمدارىغا ئەلچىلىك ۋەزىپىسى بىلەن ئەۋەتكەن ئەخمەد بىن فەزلان بىن ئەل ئاببابىس بىن رەشىد بىن ھەممادنىڭ ئەسىرىدۇر. مۇئەللىپ بۇ ئەسەردە تۈرك، ھازار، رۇس، بۇلغار، باشقىرت ۋە باشقا قەبىلىلەرنىڭ يۇرتلىرىدا كۆرگەن دىننى ئايرىمچىلىقلاردىن، ھۆكۈمدارلىرىغا دائىر خەۋەرلەردىن ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشلىرى ھەققىدىكى كۆرگەن - بىلگەنلىرىدىن بايان قىلىدۇ.

ئەخمەد بىن فەزلان شۇنداق دەيدۇ: بۇلغار ھۆكۈمدارى ئەلمۇش بىن شىلكى يىلتىۋار (2) نىڭ ئەمىر ئەل مۆئمىنىن (خەلىپە) ئەل مۇقتەدىرگە ئىسلام دىنىنى چۈشەندۈرىدىغان، شەرىئەتنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئۆگىتىدىغان، يۇرتىدا ۋە پۈتۈن مەملىكىتىدە ئۆز نامىدا خۇتبە ئوقۇلۇشى ئۈچۈن مۇنبەر ۋە مەسچىتلەرنى ياسىتىدىغان بىر ھەيئەت ئەۋەتىش ۋە دۈشمەن ھۆكۈمدارلاردىن قوغدىنىش ئۈچۈن بىر قەلئە ياسىتىش تەۋسىيە قىلىنغان مەكتۇپى يېتىپ كېلىپ، بۇ ھەقتىكى تەلىپى قوبۇل قىلىندى.

بۇ ھەقتىكى ۋاستىچى نەزىر ئەل ھەرەمى (3) ئىدى. ماڭا بولسا ھۆكۈمدارغا خەلىپىنىڭ مەكتۇپىنى ئوقۇپ بېرىش، يوللانغان ھەدىيەلەرنى تاپشۇرۇپ بېرىش، شەرىئەت ئۆلىمالىرى بىلەن خەلپەتلەرنى نازارەت قىلىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى. ياسىلىدىغان قەلئەگە ئىشلىتىش ۋە شەرىئەت ئۆلىمالىرى بىلەن خەلپەتلەرگە بېرىش ئۈچۈن ھۆكۈمدارغا ئېلىپ بارىدىغان پۇل ئىبنى ئەل فۇرئات (4) نىڭ قورۇقى ۋە خارەزىمدىكى ئارتاخۇشمىسەن (5) قورۇقىدىن كۆرسىتىپ بېرىلدى.

بۇلغار ھۆكۈمدارى تەرىپىدىن خەلىپە ئەل مۇقتەدىرگە ئەۋەتىلگەن ئەلچى ئابدۇللا بىن باشتۇ ئەل ھازارى (6) ئىدى. خەلىپە تەرىپىدىن جاۋابەن يوللانغان ئەلچى بولسا تېكىن ئەل تۈركى (7) ۋە بارس ئەل ساقلابى (8) لار بىلەن بىللە كەلگەن نەزىر ئەل ھەرەمنىڭ ۋەلىسى سەۋسەن ئەل راسى (9) ئىدى. دېمەك مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە بولۇپ، ھۆكۈمدارغا، خوتۇنىغا، پەرزەنتلىرىگە ۋە قوماندانى

لىرىغا يوللانغان ھەدىيەلەر ۋە ھۆكۈمدارنىڭ نەزىر ئەل ھەرەمەيدىن تەلەپ قىلغان دورىلىرىنى ئېلىپ ماڭغان ئىدىم.

## ئىران ۋە خۇراسان

ھىجرىيە 309 - يىل سەپەر ئېيىنىڭ 11 - كۈنى (مىلادى 921 - يىل 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى)، پەيشەنبە كۈنى باغدات (مەدىنەت ئەل سالام) تىن يولغا چىقتۇق. نەھراۋاندا بىر كۈن تۇرۇپ، يولىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ (10) دەسكەر گە باردۇق. ئۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇرۇپ يەنە يولغا چىقتۇق. ھېچيەردە توختىماي، توغرا ھۇلۋان (11) غا باردۇق. بۇ شەھەردە ئىككى كۈن تۇرۇپ، ئۇ يەردىن قارمىسىن (12) غا قاراپ يولغا چىقتۇق. قارمىسىندا ئىككى كۈن تۇرغاندىن كېيىن، يولىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ، ھەمەدانغا يېتىپ باردۇق. ئۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇرۇپ ساۋە (13) گە باردۇق. بۇ يەردىمۇ ئىككى كۈن تۇرغاندىن كېيىن، سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ رەي (14) گە يېتىپ باردۇق. بۇ يەردە سۇلۇق (15) نىڭ ئىنىسى ئەخمەدبىن ئەلىنى كۈتۈپ ئون بىر كۈن تۇردۇق. ئۇ چاغدا ئەخمەد (16) ھۇۋار ئەل رەي (17) دە بولغانلىقتىن، ھۇۋار ئەل رەيگە باردۇق ۋە ئۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇردۇق. ھۇۋار ئەل رەيدىن سىمنان (18) غا، ئۇ يەردىن دامەغانغا ئۆتتۇق. ئۇ يەردە دەئىمى (19)، ئىبنى قارى (20) غا ئۇچرىشىپ قالدۇق - تە، كارۋىنىمىزنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، چاپالىق سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇپ، نىشابۇرغا باردۇق. بۇ چاغدا لەيلى بىن نوئمان (21) ئۆلتۈرۈلگەن ئىكەن. ئۇ يەردە خۇراسان قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى ھامۇيا قوسانى تاپتۇق.

نىشابۇردىن سەراھسقا، سەراھستىن مەرۋگە ئۆتتۇق. مەرۋدىن ئامۇل چۆلىنىڭ يېنىدىكى قوشماھان (22) غا باردۇق. قوشماھاندا چۆلگە كىرىشتىن ئىلگىرى تۆگىلەرنى ھاردۇق ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئۈچ كۈن تۇرۇپ، ئامۇل (23) غا قەدەر چۆلنى كېسىپ ئۆتتۇق.

## ماۋارە ئۈننەھر

جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، تاھىر بىن ئەلىنىڭ خانىقاسى ئافىرابىر (24) غا يېتىپ باردۇق. ئۇ يەردىن بەيكەند (25) غا قاراپ ماڭدۇق. بەيكەندىن چىقىپ بۇخاراغا كىردۇق. خۇراسان ھۆكۈمدارىنىڭ كاتىپى (ۋەزىرى) ئەل جەيھانى (26) نىڭ يېنىغا باردۇق. جەيھانى خۇراساندا ئەل شەيخ ئەل ئامىد دەپ تونۇلۇپتىكەن. ئۇ دەرھال بىزگە ئۆي كۆرسىتىشنى ئەمىر قىلدى. ئېھتىياجلىرىمىزنى تەمىن قىلىپ، دەردىمىزگە دەرمان بولىدىغان بىر ئادەمنى تەيىنلىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇردۇق.

كېيىن سامانى ھۆكۈمدارى ناسىر بىن ئەخمەت (27) نىڭ ھوزۇرىغا كىرىش ئۈچۈن ۋەزىر بىزگە رۇخسەت ئالدى. ئۇنىڭ يېنىغا كىرگىنىمىزدە، ئۆزىمىزنى ساقلىي چىقمىغان بىر بالىنىڭ ئالدىدا كۆردۇق. ئۇنىڭغا ئەمىرلىك سالىمى بەردۇق. ئولتۇرۇشىمىزغا روخسەت قىلدى. بىزگە قىلغان دەسلەپكى سۆزى: «ئەمىر ئەل مۆئمىنىن (خەلىپە) جانابلىرى قانداق تۇردى ؟ ئاللا ئۇنىڭغا، خەلقىگە ۋە دوستلىرىغا سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر بەرسۇن» بولدى. بىز: «سالامەت تۇردى» دېدۇق. ئۇمۇ: «ئاللا سالامەت قىلسۇن» دېدى.

كېيىن، خەلىپىنىڭ ئىبنى ئەل فۇرئاتنىڭ خىزمەتچىسى ئەل فازىل بىن مۇسائەل نەسرانى (28) دىن ئارتاخۇشىسەن قورۇقنىڭ ئۆتكۈزۈپ ئېلىنىپ، ئەخمەت بىن مۇسا ئەل خارەزمى (29) گە بېرىلىشى، خارەزىم ۋالىسىغا ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدە بىزگە توسالغۇ بولماسلىقى ۋە باب ئەل تۈرك (30) (تۈرك دەرۋازىسى) دىكى قوماندانىغا بىزنىڭ ئادەملىرىمىزگە ھەمدەم بولۇشى ۋە سەپىرىمىزگە توسقۇنلۇق قىلماسلىقى ئۈچۈن مەكتۇپلار يېزىشنى ئەمىر قىلغان مەكتۇپ ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ «ئەخمەت بىن مۇسا قەيەردە ؟» دېدى. «بىزدىن بەش كۈن كېيىن يولغا چىقىش ئۈچۈن ئۇنى باغدات (مەدىنەت ئەل سالام) تا تاشلاپ كەلدۇق» دېدۇق. ئۇ: «ئاللا ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن ئەمىر ئەل مۆئمىنىن جانابلىرىنىڭ ئەمرىگە باش - ئۈستۈم بىلەن تەييارمەن» دېدى.

ئىبنى فەزلان شۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئەل فۇرئەتنىڭ خىزمەتچىسى ئەل فازىل بىن مۇسا ئەل نەسرانىگە قورۇقنىڭ ئۆزىدىن ئەخمەت بىن مۇساغا ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر يەتكۈزۈلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەخمەت بىن مۇساغا سۇيىقەست قىلىنىدى. جۇند سەرا ھىستىن بەيكەندگىچە بولغان خۇراسان يولى ئۈستىدىكى ئامانلىق ساقلاش ئەمىرلىرىگە «كارۋان سارايلاردىن ۋە ساقچىلاردىن ئەخمەت بىن مۇسانى تۇتۇش ئۈچۈن پايلاقچىلارنى چىقىرىڭلار. ئۇ شۇنداق سۇپەتكە ئىگە بىر ئادەمكى، ئۇنى كىم تۇتسا قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى مەكتۇبىمىز يېتىپ بارغىچە تۇتۇپ تۇرۇلسۇن» دەپ مەكتۇپ يازدى. ئەخمەت بىن مەرۋمۇ تۇتۇلۇپ قاماپ قويۇلدى.

بۇخارادا يىگىرمە سەككىز كۈن تۇتتۇق. ئەل فازىل بىن مۇسا بىرادەرلىرىمىزدىن ئابدۇللا بىن باشتۇ ۋە باشقا كىشلەر بىلەن كېلىشىپتۇ. بۇلار «يەنە تۇرساق قىشقا قالىمىز. خارەزىمگە كىرىش پۇرسىتى كېتىپ قالىدۇ. ئەخمەت بىن مۇسا بىزگە يېتىشىۋالىدۇ» دېگەن يەرگە كەپتۇ.

ئىبن فەزلان شۇنداق دەيدۇ: بۇخارادا مەن خىل پۇللار (دىرھەملەر) نى كۆردۈم. بۇلارنىڭ ئارىسىدا مىستىن، تۇچتىن ياسالغان «ئەل غىترىفىيە» (31) دېگەن بىر خىل پۇل بار ئىدى. بۇلار ئۆلچەنمەيلا ئېلىپ - سېتىلاتتى. ئۇنىڭ 100 دانىسى بىر كۈمۈش دىرھەمگە باراۋەر كېلەتتى. بۇخارا خەلقى ئىچىدە خوتۇنلارنىڭ ھەققى مېھرى مەسىلىسىدىكى شەرتلىرى «پالانى ئوغلى پالانى پالانىنىڭ قىزىنى شۇنچە مىڭ غىترىدى دەرھەمگە ئالدى» دېگەن شەكىلدە بولىدىكەن. ئۆز ئارا ئېلىم - بېرىم ۋە قۇل سودىلىرىمۇ شۇ ئۇسۇلدا بولىدىكەن. ئۆلچەم بىرلىكلىرى سۈپىتىدە بۇنىڭدىن باشقا دىرھەمنىڭ نامى تىلغا ئېلىنمايدىكەن. سېرىقتىن ياسالغان باشقا دىرھەملەرمۇ بولۇپ، ئۇلارنىڭ 40 دانىسى بىر دەنەك دېيىلىدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە سېرىقتىن ياسىلىپ «ئەل سەمەرقەندىيە» دېيىلىدىغان باشقا بىر خىل دەرھەممۇ بولۇپ، بۇنىڭ ئالتە دانىسى بىر دەنەك بولىدىكەن.

## خارەزىم (32)

ئابدۇللا بىن باشتۇ ۋە باشقىلارنىڭ قىشنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بۇخارادىن نېرىغا. جەيھۇن دەرياسىغا قاراپ يولغا چىقتۇق، خارەزىمگە بېرىش ئۈچۈن بىر كېمىنى كىرا قىلدۇق. كېمە كىرا قىلغان يەردىن خارەزىمنىڭ ئارىسى 200 فەرساخ (بىر فەرساخ ئۈچ مىلغا باراۋەر — ت) دىن ئاشاتتى. سوغۇقنىڭ قاتتىقلىقىدىن سەپىرىمىزنى پۈتۈن كۈن داۋاملاشتۇرالماي، پەقەت كۈندۈزنىڭ بىر قىسمىدىلا مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. شۇنداق قىلىپ، خارەزىمگە يېتىپ باردۇق. ئۇ يەرنىڭ ۋالىيسى (ئەمىرى) مۇھەممەت بىن ئىراق خارەزىمشاھ (33) نىڭ يېنىغا كىرگىنىمىزدە، بىزنى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋېلىپ، بىر ئۆيدە مېھمان قىلدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن بىزنى ھوزۇرىغا چاقىرتىپ تۈرك ئۆلكىلىرىگە كىرىش خۇسۇسىدا بىز بىلەن پىكىرلەشتى ۋە «بۇ خۇسۇستا سىلەرگە يول قويالمايمەن، قېنىڭلار بىكارغا تۆكۈلمىسۇن ئۈچۈن، سىلەرنى قويۇۋېتىشىم توغرا بولماس» دېدى. تېگىنىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «ماڭا ئايان، بۇ ئىش بۇ بالا (غولام) نىڭ ھېلىسى، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ يېنىمىزدىكى بىر تۆمۈرچى ئىدى (34)، كۇپپارلارنىڭ يۇرتىدا تۆمۈر تىجارىتى قىلماقچى بولغان، نەزىرنى ئالداپ، ئۇنى ئەمىر ئەل مۆئمىنىن بىلەن سۆزلىشىشكە ۋە بۇلغار ھۆكۈمدارىنىڭ مەكتۇپىنى خەلىپىگە يەتكۈزۈشكە پىلان كۆرسەتكەن» دېدى. خۇراسان ئەمىرىنى (سامانى ھۆكۈمدارىنى) نەزەردە تۇتۇپ، «بىر ئىمكانىيىتىنى تاپسا ئىدى، ئۇلۇغ ئەمىر (35) تۈرك ئۆلكىلىرىدە خەلىپە نامىدا خۇتبە ئوقۇتۇشقا،

دىن تارقىتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىشقا تېخىمۇ ھەقلىق بولاتتى ... خەلىپە بۇنىڭغا قايىل. مەن سىلەرگە توغرىسىنى تەۋسىيە قىلىۋاتىمەن. سۇلتانغا (خەلىپىگە) خەت يېزىپ، ئۇلۇغ ئەمىر (سامانىي ھۆكۈمدارى) نىڭ مەسكىنىنى تونۇپ يېتىشى ئۈچۈن مەكتۇپ يېزىشىنى تەلەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، سىلەر جاۋاب كەلگىچە كۈتۈپ تۇرارسىلەر» دەپ ئىزاھلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەمىرنىڭ ھۇزۇرىدىن چىقتۇق. شۇ كۈنى قايتا يېنىغا كىردۇق. ھامان ئەدەبلىك ھەرىكەتلەر بىلەن كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشىپ، «خەلىپىنىڭ ئەمرى ۋە مەكتۇپى تۇرغان يەردە، يەنە بۇ ھەقتە مۇراجىئەت قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار» دېدۇق. شۇنداق قىلىپ، سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشقا رۇخسەت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن خارەزىمدىن جۇرجانىيە (36) گە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. جۇرجانىيە بىلەن خارەزىم ئارىسىدا دەريا يولى بىلەن 50 فەرساخلىق مۇساپە بار ئىكەن.

خارەزىم دىرھەملىرىنىڭ بىر قىسمى قوغۇشۇندىن، ئارىلاشما مىتالدىن ۋە تۈچتىن ياسىلىدىكەن. ئۇلار دىرھەملەرنى «تازىچە» دەيدىكەن. ئۇنىڭ ئېغىرلىقى 4.5 دانىق بولىدىكەن. سەرراپلىرى تاۋلا شاخمىتىنىڭ ئۇرۇقلىرى (كىچىك دانەكلەر)، پىقىرىغۇچ ۋە دىرھەم ساتىدىكەن.

خارەزىملىكلەر تىل ۋە مىجەز - خۇلق جەھەتتىن ئەڭ ئىپتىدائىي ئادەملەر بولۇپ، گەپ - سۆزلىرى قارا قۇچقاچنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدىكەن. ئۇ يەردە شەھەرگە بىر كۈنلۈك ئارىلىقتا ئەردەقۇ (37) ناملىق بىر يېزا بولۇپ، خەلقىنى «كەردەلىلەر» دەيدىكەن. گەپ - سۆزلىرى چارپاقنىڭ ۋاقىلدىشىغا ئوخشايدىكەن. ھەر نامازدىن كېيىن ئەمىر ئەل مۆئمىنىن ئەلى بىن ئەبى تالىپنى لەنەت ئوقۇپ قاغايدىكەن.

جۇرجانىيەدە بىر نەچچە كۈن تۇردۇق. جەيھۇن دەرياسى پۈتۈنلەي توڭلاپ كەتتى. مۇزنىڭ قېلىنلىقى ئون يەتتە غېرىچ كېلەتتى. ئات - قېچىرلار مۇزنىڭ ئۈستىدە بىمالال ماڭالايدىغان بولدى. مۇز قاتلىمى مىدىرلىمايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بۇ ھالەت ئۈچ ئاي داۋاملاشتى. بۇ يەردە ئاجايىپ قاتتىق سوغۇق بولىدىغان بىر يۇرتنى كۆرگەن بولدۇق. ئۇ يەردە قار ياغسا قاتتىق بوران چىقىپ، جۇدۇن بولۇپ كېتىدىكەن. ئۇ يەرلىكلەردىن بىرسى دوستلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا: «كېلىڭ، پاراڭلىشايلى، ئۆيىمىز ئىسسىق» دەيدىكەن. بۇ سۆزنى ئالاھىدە ياخشى نىيەت بىلەن يېقىنلىق كۆرسەتمەكچى بولغاندا قىلىدىكەن. ھالبۇكى، ئاللا ئۇلارغا رەھىم قىلىپ، كۆپ ئوتۇن بېرىپتۇ. تاغ (38) ئوتۇنى (ساكساۋۇل) نىڭ بىر ھارۋىسى ئۇلارنىڭ پۇلىغا ئىككى دىرھەم ئىكەن. بىر ھارۋا ئوتۇننىڭ ئېغىرلىقى 3000 رىتىل چامىسىدا كېلىدىكەن.

جۇرجانىيەدە تىلەمچىلەر ئۆيلەرنىڭ ئىشىك ئالدىدا كۈتۈپ تۇرماي، ئۇدۇل ئۆيگە كىرىپ، ئىسسىنىش ئۈچۈن ئوتنىڭ ئالدىدا بىر ئاز ئولتۇرىدىكەن. ئاندىن: «پەكەندا !» يەنى «نان!» دەيدىكەن. بىر نەرسە بەرسە، ئېلىپ چىقىپ كېتىدىكەن.

جۇرجانىيەدە ئۇزۇنراق تۇرۇپ قالدۇق. رەجەپنىڭ بىر قىسمى بىلەن شەبان، رامىزان، شەۋۋال ئايلىرىنى (دېكابىر، فېۋرال) ئۇ يەردە ئۆتكۈزدۇق. سوغۇق قاتتىق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە تۇرۇشىمىزغا توغرا كېلەتتى. ئۇ يەردە ئاڭلىغىنىمغا قارىغاندا، ئىككى كىشى ئون ئىككى تۆگە بىلەن ئورماندىن ئوتۇن ئەپكەلگىلى كېتىپ، چاقماق تېشى بىلەن پىلتىنى ئۇنتۇپ قالغاچقا، كېچىنى ئوت ياقماي ئۆتكۈزگەنلىكىدىن، ئۆزىمۇ، تۆگىلىرىمۇ شىددەتلىك سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلۈپ قالغان. ئۇ يەردە سوغۇقنىڭ قاتتىقلىقىدىن بازارلار ۋە كوچىلارنىڭ جىمجىت بولۇپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. شۇ قەدەركى، پۈتۈن بازار ۋە كوچىلارنى ئارىلاپ چىقسا بىرمۇ ئادەم ئۇچرىمايتتى. خالاغا چىقىپ، ئۆيگە كىرگىچە ساقاللىرىمدا مۇز توڭلاپ كېتەتتى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئېرىتمىسا ئېرىمايتتى. مەن بىر ئۆينىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئۆيدە ياتاتتىم. ئىچكىرىدىكى ئۆيدە بولسا كىگىز بىلەن قاپلانغان بىر «تۈرك چېدىرى» بار ئىدى. مەن بۇ چېدىرنىڭ ئىچىدە جۇۋا ۋە قىل پالازلارنى يېپىنىپ ئۇخلىساممۇ، يۈزلىرىم مۇزلاپ، ياستۇققا چاپلىشىپ قالاتتى.

ئۇ يەردە يەنە كۆپلەرنى يېرىلىپ كەتمىسۇن دەپ قوي تېرىلىرى بىلەن يۆگەپ قويسىمۇ كار قىلمىغانلىقىنى كۆردۈم. سوغۇقنىڭ قاتتىقلىقىدىن يەرلەر يېرىلىپ كەتكەنلىكى ۋە يوغان بىر قېرى دەرەخنىڭ ئىككىگە يېرىلىپ كەتكەنلىكىنىمۇ كۆردۈم.

## تۈرك ئۆلكىلىرىگە كىرىش

ھىجرىيە 309 - يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرى (922 - يىلى فېۋرال) دا ھاۋا ئىسسىشقا باشلىدى. جەيھۇن دەرياسىنىڭ مۇزلىرى ئېرىدى. سەپەرگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلىدۇق. تۈرك تۆگىلىرىنى سېتىۋالدۇق. تۈرك ئۆلكىلىرىدىكى دەريالاردىن ئۆتۈش ئۈچۈن تۆگە تېرىسىدىن قولۋاقلارنى ياسىدۇق. ئۈچ ئاي يەتكىدەك نان، تار (تېرىق) ۋە سوقۇما گۆش قاتارلىق ئوزۇقىمىزنى تەييارلىدۇق.

ئۇ يەرلىك تونۇشلىرىمىز ئېھتىيات ئۈچۈن ئارتۇقراق كىيىم - كېچەك ئېلىۋېلىشىمىزنى تەۋسىيە قىلدى. مەسىلىنى چوڭايتىپ، ئەھۋالنىڭ قورقۇنۇچلۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى. كېيىن ھەقىقەتنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ، ئەھۋالنىڭ ئۇلارنىڭ

دېگىنىدىنمۇ بەتتەر ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. ھەممىمىزنىڭ ئۈچىسىدا بىردىن پاختىلىق چاپان، ئۇنىڭ سىرتىدا بىردىن تون، ئۇنىڭ سىرتىدا بىردىن جۇۋا، ئۇنىڭ سىرتىدا بىردىن يامغۇرلۇق بار ئىدى. ئۇنىڭ قالپىقىدىن پەقەت كۆزىمىزلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن باشقا، بەدىنىمىزنىڭ تۆۋەنكى قىسمىغا يالاڭ ئىشتان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەستەرلىك شىم، ئايىغىمىزغا پاقالچىكىمىزگىچە پايتىما ئوراپ مەسە كېيىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆتۈك كىيگەن ئىدۇق. شۇ قەدەركى، تۆگىگە مىنسەك، كىيىملىرىمىزنىڭ كۆپلىكىدىن مىدىرلىيالمايتتۇق.

باغدات (مەدىنەت ئەل سالام) تىن بىز بىلەن بىللە يولغا چىققان شەرىئەت ئۆلىمالىرى، ئوقۇتقۇچى ۋە باشقا ۋەزىپىدىكىلەر بۇ ئۆلكىگە كىرىشتىن قورقۇپ، جۇرجانىيىدە قالدى. مەن ئەلچى، ئەلچىنىڭ باجىسى، ئىككى نەپەر خىزمەتچى تېگىن، بارسلار يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. يولغا چىقىدىغان كۈنى يېنىمدىكىلەرگە: «بىرادەرلەر! يېنىڭلاردا بۇلغار ھۆكۈمدارىنىڭ ئەلچىسى بار، ھەممە نەرسەڭلارنى بىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يېنىڭلاردا خەلىپىنىڭ مەكتۇپلىرى بار. شۈبھىسىز، مەكتۇپلاردا ھۆكۈمدارغا 4000 «مۇسەييەبى» (39) ئالتۇن ئەۋەتىلگەنلىكى يېزىلغان. ناتونۇش بىر ھۆكۈمدارنىڭ يېنىغا كېتىۋاتىسىلەر. سىلەردىن بۇ پۇلنى ئالماي قويمايدۇ» دېدىم. ئۇلار: «بۇنىڭدىن قورقماڭ! بىزدىن پۇلنى ئالمايدۇ» دېدى. ئۇلارنى ئەيىبلەپ: «بىلىمەن! ھۆكۈمدار پۇلنى ئالماي قويمايدۇ» دېسەممۇ، سۆزۈمگە قۇلاق سېلىشمىدى.

كارۋان تەييارلىقى پۈتتى. جۇرجانىيىلىكلەردىن «قىلاۋۇس» دېيىلىدىغان بىر يول باشلىغۇچى يالىدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن ئىشىمىزنى ئاللاغا تاپشۇرۇپ، 309-يىل زۇلقەئدىنىڭ 2-كۈنى (922-يىلى 4-مارت) دۈشەنبە جۇرجانىيىدىن يولغا چىقتۇق. زەمجان (40) ناملىق بىر كارۋان سارايغا باردۇق. بۇ يەر تۈرك دەرۋازىسى دېگەن يەردە ئىكەن. ئەتىسى ئۇ يەردىن يولغا چىقىپ قىت (41) دېگەن باشقا بىر يەرگە چۈشتۇق. بۇ يەردە قار چۈشتى. شۇ قەدەر قېلىنكى، تۆگىلەر تىزلىرىغا قەدەر قارغا چۆكۈپ ماڭاتتى. بۇ يەردە ئىككى كۈن تۇرغاندىن كېيىن، قۇرۇق ۋە تاغسىز بىر بوز دالادا ھېچكىمنى يولۇقتۇرماي، جاپالىق يۈرۈش بىلەن تۈرك ئۆلكىلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتتۇق. بوز دالادا ئون كۈن يول يۈردۇق. بۇ جەرياندا كۆپ قىيىنچىلىقلارنى تارتتۇق. داۋاملىق قار يېغىپ، قاتتىق سوغۇق بولدى. شۇ قەدەركى، خارەزىمنىڭ سوغۇقىنى بۇنىڭ ئالدىدا ياز دېيىشكە بولاتتى. بېشىمىزدىن ئۆتكەن بارلىق قىيىنچىلىقلارنى ئۇنتۇپ، توڭلىشىدىغان ھالەتكە كېلىپ قالدۇق. بىر كۈنى ناھايىتى شىددەتلىك بىر سوغۇققا دۇچ كەلدۇق. شۇ چاغدا تېگىن مەن بىلەن بىللە كېتىۋاتاتتى.

يېقىندىكى بىر تۈرك ئۇنىڭ بىلەن تۈركچە پاراڭلىشىۋاتاتتى. تېگىن بىردىنلا كۈلۈپ كەتتى ۋە ماڭا: «بۇ تۈرك رەببىمىز بىزدىن نېمە تەلەپ قىلىدىغاندۇ، بىزنى سوغوقتا ئۆلتۈرىدىغان بولدى. ئەھ، نېمە تەلەپ قىلىدىغىنىنى بىلسەك، بېجا كەلتۈرسەك دەيدۇ» دېدى. مەن تېگىنگە ئۇنىڭغا ئاللا سىزدىن «لا ئىلاھە ئىللەللا» دېيىشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ دەڭ، دېدىم. تۈرك بۇنىڭغا كۈلدى، «بىلسەك ئېيتاتتۇق» دېدى.

يولىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ، «تاغ» ئوتۇنى كۆپ بىر جايغا يېتىپ باردۇق؛ ئۇ يەردە قوندۇق. كارۋاندىكىلەر ئوت يېقىپ ئىسسىندى ۋە كىيىملىرىنى يېشىپ ئوتقا يېيىپ قۇرۇتتى. كېيىن بۇ يەردىن يولغا چىقتۇق. ھەر كۈنى يېرىم كېچىدىن بامدات ۋاقتى ياكى پېشىنگە قەدەر مۈشكۈل يۈرۈش قىلىپ، بىر قونالغۇغا يېتىپ باراتتۇق. ئون بەش كۈن ماڭغاندىن كېيىن تاشلىق، بۇلاقلىرى بار ۋە دەريالىرىدا سۈيى مول چوڭ بىر تاغقا باردۇق.

## ئوغۇزلار (42)

بۇ تاغدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئوغۇزلار دېيىلگەن بىر تۈرك قەبىلىسى بار يەرگە يېتىپ باردۇق. ئۇلار كىگىز ئۆيلەردە ئولتۇرىدىغان كۆچمەن تۈركمەنلەر ئىكەن. يەر-يەردە ئۇلارنىڭ قارا ئۆيلىرى ئۇچرايتتى. ناھايىتى قىيىن شارائىتتا ياشايدىكەن، بىرەر دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىكەن، بىرەر ئىش قىلغاندا ئۆز ئەقلىگە مۇراجىئەت قىلىدىكەن. ھېچقانداق نەرسىگە ئىبادەت قىلمايدىكەن. چوڭلىرىنى رەب (43) دەيدىكەن. بىرەيلەن باشلىقىدىن بىر نەرسە سورىسا، ئۇنىڭغا: «ئەي رەببىم، بۇنى قانداق قىلاي؟» دەيدىكەن. ئۆز ئىچىدىكى ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىپ بىر تەرەپ قىلىدىكەن. ئەمما بىر ئىشتا كېلىشىپ، ئۇنى ئىشلەشكە قارار قىلىشسا، ئۇلاردىن ئەڭ تۆۋەن تۇرىدىغان ۋە ئەڭ ئەھمىيەتسىز بولغان بىرى كېلىپ، كېلىشىملىرىنى بۇزۇۋېتەلەيدىكەن. ئاللاغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، يۇرتلىرىدىن ئۆتكەن مۇسۇلمانلارغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن «لائىلاھە ئىللەللا» دېگەنلەرنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى زۇلۇمغا ئۇچرىسا ياكى ياقتۇرمىغان بىر نەرسە كۆرسە، بېشىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ، «بىر تەڭرى!» دەيدىكەن. بۇ «بىر ئاللا» دېگەن بولىدىكەن. چۈنكى تۈركچىدە «بىر» ۋاھىد دېگەن مەنىنى، «تەڭرى» ئاللا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. چوڭ، كىچىك تەرەتتىن كېيىن تازىلانمايدىكەن. جۇنۇبلۇقتىن ۋە باشقا خۇسۇسلاردىن يۇيۇنمايدىكەن. بولۇپمۇ قىشتا سۇغا يېقىن يولۇمايدىكەن (44). ئاياللىرى يەرلىك ۋە يات ئەرلەردىن قاچمايدىكەن، بەدىنىنىڭ ھېچقانداق يېرىنى ئادەمدىن يوشۇرمايدىكەن.

بىر كۈنى بىر كىشىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدۇق. ئۇ كىشى ۋە ئايالى بىلەن ئولتۇراتتۇق. ئايال بىز بىلەن سۆزلىشىۋېتىپ، كۆز ئالدىمىزدىلا ئەۋرەت يېرىنى ئېچىپ تاتىلاشقا باشلىدى. بىز نومۇس قىلغىنىمىزدىن يۈزلىرىمىزنى ئېتىۋېلىپ، «ئەستاغپۇرۇللا» دېدۇق. ئېرى كۈلۈپ كېتىپ، تەرجىمانغا: «ئۇلارغا ئېيتىپ قويۇڭ، بۇ خوتۇن ئۇنى سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئاچتى. سىز ئۇنى كۆرۈپ ئۆزىڭىزنى تارتتىڭىز. سىزدىن ئۇنىڭغا ھېچقانداق زىيان كەلمىدى. بۇ ھەرىكەت ئاياللارنىڭ ئۇنى يېپىۋېلىپ، باشقىلارغا روخسەت قىلغىنىدىن ياخشىراق» دېدى. ئۇلار زىنادېگەن نەرسىنى بىلمەيدىكەن. بۇنداق گۇناھ قىلغان بىرسى مەلۇم بولۇپ قالسا، ئۇنى ئىككى پارچە قىلىپ تاشلايدىكەن. يەنى ئۇنى ئىككى دەرەخنىڭ شېخىنى بىر يەرگە قىلىپ باغلاپ، دەرەخ شاخلىرىنى قويىۋېتىدىكەن. شاخلارنىڭ ئەسلى ھالىغا قايتىشى بىلەن ھېلىقى ئادەم ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىدىكەن.

ئۇلاردىن بىرى: «ماڭا قۇرئان ئوقۇپ بېرىڭ» دېدى. ئوقۇپ بەرسەم، خۇش بولۇپ كەتتى. تەرجىمانغا قاراپ: «ئۇنىڭغا توختىماي ئوقۇشنى ئېيتىپ قويۇڭ» دېدى. بىر كۈنى بۇ ئادەم تەرجىمان ۋاستىسى بىلەن ماڭا: «بۇ ئەرەبتىن سوراڭ، رەببىمىزنىڭ ئايالى بارمۇ ؟» دېدى. مەن بۇنىڭ بۇ سۆزىنى چوڭ بىر گۇناھ دەپ قاراپ، تۆۋە - ئىستىغپار ئوقۇدۇم. ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش تۆۋە قىلدى ۋە «ئەستاغپۇرۇللا» دېدى. تۈركلەرنىڭ ئادىتى شۇنداق ئىكەن. بىر مۇسۇلماننىڭ تەسبىھ ۋە تەھلىل كەلتۈرگىنىنى بىلسە، ئۇنىڭ دېگىنىنى تەكرارلايدىكەن. (46)

توي قىلىش ئادەتلىرى مۇنداق ئىكەن: ئۇلاردىن بىرى يەنە بىرىنىڭ قىزىنى، سىڭلىسىنى ياكى بىر خوتۇنىنى خېلى كۆپ خارەزىم رەختى بىلەن ئالىدىكەن. ھەققى - مېھرىنى ۋەلىگە بەرگەندىن كېيىن، قىزنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدىكەن. ھەققى - مېھرى ئۇچۇن تۆگە، مال ياكى باشقا نەرسىلەر بېرىلىدىكەن. ۋەلىسى بىلەن كېلىشكەن ھەققى - مېھرىنى تۆلىمەستىن ھېچكىم خوتۇن ئالالمايدىكەن (47)، بۇ پۇلنى تۆلىگەندىن كېيىن، تارتىنماستىن كېلىپ خوتۇن بار ئۆيگە كىرىپ، ئاتا - ئانىسى ۋە بىر تۇققانلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇنى ئېلىپ كېتىدىكەن. ئۇلارمۇ بۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلمايدىكەن. بىر ئادەم ئۆلۈپ، كەينىدە خوتۇنى ۋە باللىرى قالسا، ئۆز ئانىسى بولماسلىق شەرتى بىلەن چوڭ ئوغلى دادىسىنىڭ تۇل قالغان خوتۇنىنى ئەمرىگە ئالىدىكەن (48). سودىگەرلەر ۋە باشقا يات ئادەملەر ئۇلارنىڭ يېنىدا جۇنۇباۋۇقتىن يۇيۇنالمايدىكەن. پەقەت كېچىسى ئۇلارنىڭ كۆزىدىن يىراق بولۇپ يۇيۇنالايدىكەن. چۈنكى ئۇلار بۇنداق بىر ھەرىكەتتە بولغان بىرىنى كۆرۈپ قالسا ئاچچىقى كېلىدىكەن ۋە «بۇ ئادەم بىزنىڭ كۆزىمىزنى بويىماقچى، چۈنكى سۇغا چۆشۈۋاتىدۇ» دەپ ئۇنىڭدىن بۇ ھەرىكىتىگە تۆلەم ئالىدىكەن.

ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان، مېھمان بولغۇسى بىر دوست تاپماي ۋە ئىسلام ئۆلكىسىدىن بۇ دوستىغا بىر قۇر كىيىم ۋە خوتۇنىغا بىرەر ياغلىق، ئازراق قارامۇچ، تار، كىشمىش ۋە ياڭاق قاتارلىق سوغات ئېلىپ كەلمەي، ئۇلارنىڭ يۇرتىدىن ئۆتەلمەيدىكەن. مۇسۇلمان تۈرك دوستىنىڭ يېنىغا بۇ شەكىلدە كەلسە، دوستى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە بىر ئۆي تىكىپ، ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە ئۇنىڭغا قوي تەقدىم قىلىدىكەن، مۇسۇلمان بۇلارنى بوغۇزلايدىكەن. چۈنكى تۈركلەر مالنى بوغۇزلىمايدىكەن. قويلارنى بېشىغا ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدىكەن (49). مېھمان بولغۇچى مۇسۇلمان يولغا راۋان بولماقچى بولغاندا، ئۇلاقلىرىدىن يولغا چىدىمايدىغانلىرى بولسا، ياكى بىر نەرسىگە ئېھتىياجى بولسا، يولغا چىدىمايدىغان ئۇلاقلارنى تۈرك دوستىنىڭ يېنىغا تاشلاپ، ئۇنىڭ تۆگىلىرىدىن، ئۇلاقلىرىدىن ۋە مېلىدىن ئېھتىياجىغا لايىق ئېلىپ يولنى داۋاملاشتۇرىدىكەن ۋە بارغان يېرىدىن قايتقاندا ھېلىقى مال، تۆگە، ئۇلاقلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىدىكەن.

تۈركلەرنىڭ يۇرتىدىن ناتونۇش بىرسى شۇ شەكىلدە ئۆتۈپ، ئۇنىڭغا: «مەن سىزنىڭ مېھمىنىڭىز. تۆگە، ئۇلاق ۋە پۇلىڭىزدىن بىر ئاز سورىماقچى ئىدىم» دېسە، تۈرك ئۇنىڭ سورىغىنىنى بېرىدىكەن. ئەگەر سودىگەر بۇ سەپەر ئۈستىدە ئۆلۈپ، كارۋان كەينىگە قايتسا، تۈرك كارۋاندىكىلەردىن «مېنىڭ مېھمىنىم قېنى؟» دەپ سورايدىكەن. «ئۆلۈپ كەتتى» دېسە، كارۋاننىڭ يۈكلىرىنى چۈشۈرتۈپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئەقىللىق دەپ قارىغان سودىگەرنى چاقىرىپ، يۈكلەرنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يېشىپ، ئۆلگەن سودىگەرگە قانچىلىك بەرگەن بولسا، بۇ سودىگەرنىڭ پۇللىرىدىن شۇنچىلىك ئالىدىكەن. قىلچە ئۇشۇق ئېلىۋالمايدىكەن. بۇ سودىگەرنىڭ تۆگە، ئۇلاقلىرىدىنمۇ يەنە شۇ شەكىلدە، قانچىلىك بەرگەن بولسا شۇنچىلىك ئالىدىكەن ۋە بۇ سودىگەرگە، «بۇ سېنىڭ تاغاڭنىڭ ئوغلى (تۇغقىنىڭ)، ئۇنىڭ قەرزىنى سېنىڭ تۆلىشىڭ ئەڭ مۇناسىپ» دەيدىكەن. ئۆزىدىن ئامانەت ئالغان ئادەم قېچىپ كەتسىمۇ شۇنداق قىلىدىكەن. ئامانەتنى قايتۇرۇپ ئالغان سودىگەرگە: «ئۇمۇ ساڭا ئوخشاش مۇسۇلمان ئىدى. سەن بۇلارنى ئۇنىڭدىن ئېلىۋال» دەيدىكەن. ئەگەر تۈرك مۇسۇلمان مېھمىنىغا كارۋان قايتىشىدا ئۇچرىشالمىسا، ئۇنىڭ نەگە كەتكىنىنى سوراپ، «ئۇ قەيەردە؟» دەيدىكەن. كەتكەن يېرىدىن خەۋەر تاپسا، ئۇنى تاپقىچە، ئۇنىڭغا بەرگەنلىرىنى ۋە سوغات قىلغانلىرىنى قايتۇرۇپ ئالغىچە ئىزدەيدىكەن.

تۈركلەرنىڭ مۇنداق ئادەتلىرىمۇ بار ئىكەن: بىر تۈرك جۇرجانىيىگە كىرىپ، مېھمان قىلغان مۇسۇلماننىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ. ئۇنى تېپىپ، تاكى قايتقىچە ئۇنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ يېتىپتۇ. بىر تۈرك مۇسۇلمان دوستىنىڭ ئۆيىدە مېھمان

بولۇپ ياتقاندا ئۆلۈپ كەتسە، بۇ مۇسۇلمان كارۋان ئۆلگەن تۈركنىڭ قەبرىسى بار يەردىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ قەبرىسى بۇ مۇسۇلماننى ئۆلتۈرىۋېتىدىكەن. ئۇنىڭغا، «سەن ئۇنى قاماپ قويۇپ ئۆلتۈردۈڭ. قاماپ قويمىساڭ ئۇ ئۆلمەيتتى» دەيدىكەن. شۇنىڭغا ئوخشاش، بىر مۇسۇلمان بىر تۈرككە شاراپ ئىچكۈزۈپ، نەتىجىدە تۈرك تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭغا شاراپ ئىچكۈزگەن مۇسۇلماننى ئۆلتۈرىۋېتىدىكەن. ئەگەر ئۇ مۇسۇلمان كارۋان ئىچىدە بولمىسا، كارۋاندىكى ئەڭ چوڭىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆلتۈرىدىكەن.

بەچچە ۋازلىق ئۇلاردا ناھايىتى چوڭ گۇناھ ئىكەن (50). بىر قېتىم تۈرك ھۆكۈمدارى (يابغۇ) نىڭ ۋەكىلى قۇز ئەركىنىنىڭ (51) قەبىلىسىگە خارەزىملىك بىرىكەپتۇ. ئۇ قوي سېتىۋېلىش مەقسىتى بىلەن بىر تۈركنىڭ ئۆيىدە بىر مەزگىل مېھمان بولۇپ تۇرۇپتۇ. بۇتۈركنىڭ تېخى بۇرۇتى خەت تارتمىغان بىر ئوغلى بار ئىكەن. خارەزىملىك ھېلىقى بالىنى ئالداپ ئارزۇسىغا كۆندۈرۈشكە تىرىشىپتۇ. بالا ئۇنىڭغا ماقۇل بوپتۇ. تۈرك ئۇلارنى گۇناھ ئۈستىدە تۇتۇۋاپتۇ، بۇ مەسىلىنى دەرھال قۇز-ئەركىنگە يەتكۈزۈپتۇ. قۇز ئەركىن ئۇنىڭغا: «تۈركلەرنى توپلا» دەپتۇ. ئۇ توپلاپتۇ، تۈركلەر توپلىنىپ، بالىنىڭ دادىسىدىن «توغرا ۋەدە بېرىشىمنى خالامسەن ياكى خاتا (ساختا) ۋەدە بېرىشىمنى خالامسەن ؟» دەپ سوراپتۇ. تۈرك «توغرا ۋەدە بىرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپتۇ. قۇز ئەركىن «ئۇنداق بولسا ئوغلۇڭنى ئەپكەل» دەپتۇ. ئۇ ئوغلىنى ئەپكېلىپتۇ. قۇز ئەركىن «ھەر ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈش كېرەك» دەپتۇ. تۈرك بۇنىڭغا رازى بولماپتۇ، «ئوغلۇمنى بەرمەيمەن» دەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن قۇز ئەركىن «سودىگەر پۇل بېرىپ جېنىنى قوتقۇزۇپ قالىدۇ» دېگەن جاۋابنى بېرىپتۇ. سودىگەر تۈركنىڭ ئوغلىغا قىلغان ھەرىكىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر مىقدار، قۇز ئەركىنگە 400 قوي بەرگەندىن كېيىن، تۈركلەرنىڭ ئۆلكىسىدىن قوتۇلۇپ كېتىپتۇ.

تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمدارلىرى ۋە باشلىقلىرى ئارىسىدا دەسلەپ كۆرگىنىمىز كىچىك يىنال (يىنال ئەل سەغىر) ئىدى (52). ئۇلار خېلى بۇرۇن مۇسۇلمان بوپتىكەن، لېكىن قەبىلىسى «مۇسۇلمان بولساڭ، بىزگە باشلىق بولالمايسەن» دەپتىكەن. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلىقتىن ۋاز كېچىپتىكەن. ئۇلارنىڭ بار يېرىگە بارغىنىمىزدا، «سىلەرنىڭ ئۆتۈشۈڭلەرگە روخسەت قىلمايمەن، چۈنكى بىز ھېچقاچان بۇنداق بىر ئىشتىن خەۋەر تاپمىدۇق، بولۇشىنىمۇ ئويلاپ باقمىغان» دېدى. ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، يۇن دىرھەم قىممىتىدىكى بىر جۇرجان تونى، بىر كىيىملىك پاي - باف ماتىرى (53)، بىر قانچە نان، بىر چاڭگال كىشمىش، يۈز دانە ياڭاق (54) بېرىپ ئۇنى رازى قىلدۇق. بۇلارنى بەرگىنىمىزدە بىزگە سەجدە قىلدى (55).

تۆركلەرنىڭ مۇنداق ئادىتىمۇ بار: بىر ئادەم باشقىلارغا ياخشىلىق قىلسا، ياخشىلىق كۆرگۈچى ياخشىلىق قىلغۇچىغا سەجدە قىلىدىكەن. يىنال بۇ ئىكرامىمىزغا نىسبەتەن «ئۆيلىرىم ئۇزاقتا بولمىغان بولسا، سىلەرگە قوي ۋە سوغا ـ سالام ئەپكېلەتتىم» دېدى ۋە يېنىمىزدىن ئايرىلدى. بىزمۇ يولىمىزغا راۋان بولدۇق. ئەتىسى يولدا كېتىۋېتىپ، سەت، ئۈستى ـ بېشى ۋەيران، مەينەت ۋە نىيىتى يامان بىر تۈرك ئالدىمىزغا يولۇقتى. قاتتىق يامغۇردا قالغان ئىدۇق. بۇ ئادەم: «توختاڭلار!» دەپ ۋاقىرىدى. ئۈچ مىڭچە مال، بەش مىڭچە ئادەمدىن تەركىب تاپقان چوڭ كارۋان توختىدى. كېيىن: «ھېچقايسىڭلار ئۆتەلمەيسىلەر.» دېدى. ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى «بىز قوز ئەركىنىنىڭ دوستلىرى بولىمىز» دېدۇق. ئۇ كۇلۇشكە باشلىدى ۋە: «قوز ـ ئەركىن دېگىنىڭ كىم؟ مەن ئۇنىڭ ساقىلىغا سىيىمەن!» دېدى. كېيىن خارەزىم تىلى بىلەن «پەكەند!» دېدى. ئۇنىڭغا بىر قانچە نان بەردىم. ئۇلارنى ئېلىپ «قېنى مىڭلار، سىلەرگە رەھىم قىلدىم» دېدى.

ئىبنى فەزلان شۇنداق دەيدۇ: ئوغۇزلاردىن بىرى كېسەل بولسا، ئۇنىڭ قول ـ چاكارلىرى خىزمىتىنى قىلىدىكەن، ئۆيدىكىلەردىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭغا يېقىن كېلەلمەيدىكەن. چېدىر ئۆيلىرىدىن يىراقتا ئۇنىڭغا بىر ئۆي تىكىپ بېرىدىكەن. ئۆلگىچە ياكى ساقايغىچە ئۇنى شۇ ئۆيدە ياتقۇزىدىكەن. ئەگەر ئۇ كەمبەغەل ياكى قول بولسا، ئۇنى چۆلگە ئاپىرىپ تاشلايدىكەن (56). ئۇلاردىن بىرى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆيدەك بىر ئورا كولاپ، جەسەتكە كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ، بەلتاسما ۋە ئوقيالىرىنى ئېسىپ، قولىغا شاراپ قۇيۇلغان بىر ياغاچ چۆچەك تۇتقۇزۇپ، ئالدىغا شاراپ بىلەن تولدۇرۇلغان بىر ياغاچ كۆپ قويىدۇ. ئاندىن پۈتۈن شەخسىي ئەشيالىرىنى ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە بۇ ئورۇنغا قويىدىكەن. ئاندىن كېيىن ئۆلۈكنى ئورىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئورىنىڭ ئۈستىنى ياپىدىكەن. يەرلىكنىڭ ئۈستىگە گۈمبەز ياسايدىكەن (57). ئاندىن كېيىن ئۆلگۈچىنىڭ مىلىنىڭ يېنىغا بېرىپ سانىغا قاراپ بىردىن يۈزگە ياكى ئىككى يۈزگە قەدەرنى قۇربانلىق سۈپىتىدە ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ گۆشىنى يەيدىكەن. باش، شىراق ۋە قۇيرۇقلىرىنى بىر تەرەپكە ئايرىپ، بۇلارنى قەبرىنىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قويىدىكەن. بۇلارنى «ئۆلۈك جەننەتكە كىرگەندە مىنىدىغان ئۇلاق» دەيدىكەن. ئەگەر ئۆلگۈچى ھايات ۋاقتىدا ئادەم ئۆلتۈرگەن قەھرىمان بولسا، ياغاچتا ئۆلتۈرگەن ئادىمىنىڭ سانىچىلىك سۈرەت ئويدۇرۇپ، قەبرىنىڭ ئۈستىگە تىكىدىكەن. بۇلارنى ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى، جەننەتتە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىدۇ، دەيدىكەن (58).

بەزىدە مال قۇربانلىق قىلىشنى بىر ـ ئىككى كۈن كېچىكتۈرىدىكەن. بۇ چاغدا، ئۆز ئىچىدىكى چوڭلاردىن ياشانغان بىر كىشى (شامان) ئۇلارغا: «ئۆلۈكنى چۈشۈمدە

كۆردۈم، ماڭا. كۆرۈۋاتىسەن، بىرادەرلىرىم مەندىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلارنى قوغلاپ يۈرۈپ ئاياغلىرىم يارا بولدى. ئۇلارغا يېتىشەلمەيۋاتىمەن. يالغۇز قالدىم دېدى» دەپ، قۇربانلىقنى تېز قىلىشقا تەشۋىق قىلىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن، ئۆلگۈچىنىڭ ماللىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ، بىر قىسمىنى ئۆلتۈرۈپ، قەبرىنىڭ يېنىغا ئاسىدىكەن. بىر-ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ياشانغان كىشى قايتا ئۇلارغا كېلىپ: «ئۆلۈكنى چۈشۈمدە كۆردۈم. ماڭا، ئائىلەمگە ۋە دوستلىرىمغا خەۋەر بەر، مەندىن ئۆتۈپ كەتكەنلەرگە يېتىشتىم، ھاردۇقۇم چىقتى دېدى» دەيدىكەن (59).

ئىبنى فەزلان شۇنداق دەيدۇ: پۈتۈن تۈركلەر ساقاللىرىنى چۈشۈرۈپ بۇرۇتلىرىنى قويىدىكەن. بەزىدە ئۇلار ئارىسىدا ساقىلىنى چۈشۈرۈپ، ئېڭىكىنىڭ ئاستىدا بىر نەچچە تال ساقالنى قويۇپ، دۈمبىسىگە تېرە ئارتىۋالغان ياشانغان بىر ئادەم ئۇچرىتىمىز. ئۇنى يىراقتىن قارىغاندا ئۆچكە دەپ قالىمىز. ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ ھۆكۈمدارىنى يابغۇ دەيدىكەن (60). بۇ سۆز ھۆكۈمدارنىڭ ئۇنۋانى بولۇپ، بۇ قەبىلىگە ھۆكۈمدار بولغان ھەر قانداق كىشى مۇشۇ ئىسىم بىلەن ئاتىلىدىكەن. ئۇنىڭ ۋەكىلىنى بولسا «كۈز ئەركىن» دەيدىكەن. بىر باشلىقنىڭ ۋەكىلى بولغان كىشىنىمۇ كۈز ئەركىن دەيدىكەن.

بۇلارنىڭ يېنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، قوشۇن قوماندانلىرىنىڭ (سۇ بېشىنىڭ) (61) يېنىغا باردۇق. ئۇنى ئەل قاتاغان ئوغلى ئەتراق دەيدىكەن. ئەتراق بىزگە تۈرك چېدىرلىرى تىكتۈردى (62). بىزنى بۇ ئۆيلەردە مېھمان قىلدى. ئۇنىڭ كاتتا ئائىلىسى، قول ئاستىدا نۇرغۇن ئادەملىرى ۋە ناھايىتى كۆپ ئۆيلىرى بار ئىكەن. سويۇشىمىز ئۈچۈن قوي، مىنىشىمىز ئۈچۈن ئۇلاق كەلتۈردى. ئائىلىسىدىن ۋە يېقىنلىرىدىن نۇرغۇن ئادەم تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارغا ناھايىتى كۆپ قوي سويدۇردى.

ئۇنىڭغا كىيىم-كېچەك، كىشمىش، ياڭاق، قارىمۇچ، تار قاتارلىق سوغا-سالاملارنى بەردۇق. خوتۇنىنى كۆردۈم، بۇرۇن دادىسىنىڭ خوتۇنى ئىكەن. بۇ خوتۇن ئازراق گۆش، سۈت ۋە ئەتراققا بەرگەن ھەدىيەلىرىمىزدىن بىر قىسمىنى ئېلىپ، چېدىرلىرى بار يەردىن چىقىپ قىرغا كەتتى. ئۇ يەردە بىر ئورا كولاپ، ئەپكەلگەن نەرسىلەرنى بۇ ئورىغا كۆمدى، بىر نەرسىلەرنى ئوقۇدى. تەرجىماندىن: نېمە دەيدۇ دەپ سورىدۇم. تەرجىمان: «بۇ ئەرەبلەرنىڭ ئەتراقنىڭ دادىسى ئەل قاتاغانغا بەرگەن سوغىتى دەيدۇ» دېدى. كەچ كىرگەندە تەرجىمان بىلەن بىللە ئەتراقنىڭ يېنىغا كىردىم. گۈمبەزلىك چېدىردا ئولتۇراتتى. يېنىمىزدا نەزىر ئەل ھەرەمىنىڭ ئۇنىڭغا يازغان مەكتۇپى بار ئىدى. نەزىر بۇ مەكتۇپىدا ئۇنى مۇسۇلمانلىققا دەۋەت قىلغان ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭغا ئىچىدە مۇسەييەبى ئالتۇنلىرىمۇ بولغان 50

ئالتۇن بىلەن ئۈچ مىسقال ئىپار، يۇمشاق ئەيلەنگەن تېرىلەر، ئۆزى ئۈچۈن ئىككى تونلۇق مەرۋى رەختلىرى، سىلىق تېرىدىن تىكىلگەن بىر جۈپ ئاياغ كىيىم، يىپەك رەختتىن تىكىلگەن بىر قۇر گۈللۈك كۆينەك ۋە بەش قۇر يىپەك كىيىم ئەۋەتكەن ئىدى. بۇ سوغاتلارنىڭ ھەممىسىنى تاپشۇرۇپ بەردۇق. خوتۇنىغىمۇ بىر ياغلىق بىلەن بىر ئۈزۈك ھەدىيە قىلدۇق. ئاندىن كېيىن مەكتۇپنى ئوقۇپ بەردىم. تەرجىمانغا: «سىلەر قايتىپ كەتكىچە بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. نېمە قارارغا كەلگەنلىكىمنى سۇلتانغا يازىمەن» دېدى. سوغا قىلغان خىلئەتلەر (شەرەپ تونى) نى كىيىش ئۈچۈن ئۈستىدىكى گۈللۈك يىپەك رەختتىن تىكىلگەن تونىنى يەشتى. بۇ تونىنىڭ ئىچىدىكى چاپاننىڭ ئەسكى جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئادىتىدە بىر ئادەم ئۈچىسىغا كىيگەن ئىچ كىيىملىرىنى جۇل - جۇل بولۇپ تۆكۈلۈپ كەتمىگىچە يەشمەيدىكەن (63). ئەتراق ساقال - بۇرۇتلىرىنىڭ ھەممىسىنى قىردۇرۇپ، ھەيۋەتسىز ئادەم قىياپىتىگە كىرگەن ئىدى. تۈركلەر ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئاتلىق ئەسكەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىشاتتى. بىر كۈنى ئۇ ئېتىغا مىنىپ بىز بىلەن بىللە كېتىۋاتاتتى. بۇ چاغدا بېشىمىزدىن بىر ئۆردەك ئۇچۇپ ئۆتتى. ئەتراق دەرھال يايىنى بەتلەپ، ئېتىنى ئۇنىڭغا قاراپ قامچىلىدى. كېيىن ئۇنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋالدى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن قوماندانلارنى چاقىرتتى. بۇلار تارخان، يىنال ۋە بۇلارنىڭ ئىنىسىنىڭ ئوغلى ئىلغۇزلار ئىدى. تارخان بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئەقىللىق ۋە ئەڭ ئىلغار ئادەم بولۇپ، ھەم توكۇر، ھەم قارىغۇ، ھەم چولاق بىر كىشى ئىدى. ئەتراق ئۇلارغا: «بۇلار ئەرەب ھۆكۈمدارى، كۈيئوغلۇم (64) ئەلمۇش ئىبنى شىلكىگە ئەۋەتكەن ئەلچىلەر. ئۇلارنى سىلەرگە تونۇشتۇرماستىن قويۇۋېتىشنى خالىمىدىم» دېدى. تارخان (65) «بۇ بىز كۆرمىگەن ۋە ئاڭلىمىغان بىر ئىش، ئەزەلدىن تارتىپ بۇ يەردىن ھېچبىر ھۆكۈمدارنىڭ ئەلچىسى ئۆتمىگەن، مەن شۇنداق ئويلاۋاتىمەنكى، سۇلتان بىر ھىلە بىلەن بىزگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن بۇلارنى هازارلارغا ئەۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن، ئەڭ ياخشىسى، بۇ ئەلچىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىككى پارچە قىلىپ تاشلاپ، يېنىدىكى نەرسىلىرى ۋە ماللىرىنى ئالايلى» دېدى.

يەنە بىرى، «ياق، يېنىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ، بۇلارنى قىپ - يالىڭاچلاپ، كەلگەن يېرىگە ھەيدىۋېتەيلى» دېدى. يەنە بىرى بولسا «ياق، بىزنىڭ هازار ھۆكۈمدارى يېنىدا ئەسىر چۈشكەن ئادەملىرىمىز بار، بۇلارنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارغا تېگىشەيلى» دېدى. يەتتە كۈن ئۇلار بىر - بىرى بىلەن تالاش - تارتىش قىلىپ تۇردى. بىز بولساق قورققىنىمىزدىن ئۆلگىدەك بولدۇق. ئاخىرى، بىزنى قويۇۋېتىپ،

ئۆتۈشىمىزگە رۇخسەت قىلىش قارارىغا كېلىشتى. بۇنىڭ بىلەن تارخانغا بىر مەرۋى تونى، ئىككى كىيىملىك پاي - باف ماتىرى، ئادەملىرىگە بىردىن ئىچ كىيىم سوغا قىلدۇق. يىنالغىمۇ تارخانغا بەرگەن سوغاتلارغا ئوخشاش بەردۇق. بۇنىڭدىن باشقا قارىمۇچ، تار، بىرنەچچە نان بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار ئاستا كېتىشتى.

بۇ يەردىن مېڭىپ ياغىندى (Tehagan) دەرياسىغا باردۇق. كارۋاندىكىلەر تۆگە تېرىسىدىن ياسالغان كەلەك (66) لىرنى چىقىرىپ ئاچتى. يۇمىلاق نەرسىلىرنى تۆرك تۆگىلىرىنىڭ ئۈستىدىن ئېلىپ قولۋاقلار ئېچىلسۇن دەپ ئىچىگە تولدۇردى. كېيىن كىيىم - كېچەك ۋە باشقا نەرسىلىرىنىمۇ بۇنىڭغا سالدى. بۇنىڭدىن كېيىن ھەر قولۋاقنىڭ ئۈستىگە تۆت، بەش، ئالتە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئاز ياكى كۆپ ئادەم ئولتۇرۇشتى. قولىلىرىغا قېيىن ياغىچى (67) ئېلىپ، بۇلارنى كۈرەك قىلدى. توختىماي كۈرەك ئۇراتتى. يۇمىلاق قولۋاقنى سۇ كۆتۈرەتتى. شۇنداق قىلىپ دەريادىن ئۆتتۇق. تۆگىلەر ۋە ئۇلاقلارغا چۇقان سېلىپ، ئۇلارنىمۇ دەريادىن ئۈزدۈرۈپ ئۆتكۈزۈشتى. كارۋان ئۆتكەندىن كېيىن، باشقىرتلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراشتىن قورقىدىغانلىقى ئۈچۈن ئالدى بىلەن قوراللىق گۇرۇپپىنىڭ يول باشلاپ بېرىشىگە توغرا كېلەتتى. ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىندى.

ياغىندى دەرياسىدىن مانا شۇنداق ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە قولۋاقلار بىلەن جام (ئەمبا)، جاخىش (ساگىز)، ئۈزىل (ئويىل)، ئەردەن (زاگىسباي)، ۋارىش (ۋاخىش)، ئاختى (چوڭ ئانقاتى)، ۋابنا (كىچىك ئانقاتى) دەريالىرىدىن نۆۋەتتى بىلەن ئۆتتۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى چوڭ دەريالار ئىكەن.

## پەچەنەكلەر (68)

شۇنىڭدىن كېيىن پەچەنەكلەرنىڭ يۇرتىغا باردۇق. بۇلار، دېڭىزغا ئوخشاش، ئاقمايدىغان بىر سۇنىڭ (چوڭ بىر كۆلنىڭ) بويىغا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ناھايىتى قارا ئىكەن. ھەممەيلەن ساقاللىرىنى چۈشۈرۈۋېتىدىكەن، ئوغۇزلارنىڭ ئەكسىچە، بەك نامرات ئىكەن. چۈنكى ئوغۇزلار ئىچىدە ئون مىڭ تۇياق مېلى، 100 مىڭ تۇياق قويى بار ئادەملەرنى كۆرگەن ئىدىم. قويلار قار ئارىسىدىن تاتىلاشتۇرۇپ قۇرۇق ئوت تېپىپ يەيدىكەن. ئۇنىمۇ تاپالمىسا، قار يەيدىكەن. بۇنىڭ ئەكسىچە، سېمىز كېلىدىكەن. يازغا چىقىپ كۆك ئوتتا ئوتلىغاندا ئورۇقلايدىكەن.

پەچەنەكلەرنىڭ يېنىدا بىر كۈن تۇرغاندىن كېيىن يولىمىزغا راۋان بولۇپ، جايىق (يايىق—ئۇرال) دەرياسىغا (69) باردۇق. بۇ ھازىرغا قەدەر كۆرگەن ئەڭ چوڭ.

سۇيى ئەڭ كۆپ، ئەڭ تېز ئاقىدىغان دەريا ئىدى. بۇ دەريادىن ئۆتۈپ، بىر قولۋاقنىڭ دوۋم بولۇپ، ئىچىدىكىلەرنىڭ دەرياغا چۆكۈپ كەتكەنلىكىنى، كۆپ ئادەمنىڭ هالاك بولغانلىقىنى، بەزى تۆگىلەر ۋە ماللارنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى كۆردۇم. دەريادىن ناهايىتى تەسلىكتە ئۆتتۇق. بىر نەچچە كۈن مېڭىپ، جاها (جاغان)، ئەرخاز (ئىرگىز — تالىۋۇقا)، باجاغ (matehka)، سامۇر (سامارا)، قىنال (قىنەل)، سوخ (سوك)، قوبغۇلۇ (kundurtcha) دەريالىرىدىن ئۆتۈپ، تۈركلەردىن بولغان باشقىرتلارنىڭ يۇرتىغا بېرىپ توختىدۇق.

## باشقىرتلار (70)

باشقىرتلاردىن ناهايىتى قورققان ئىدۇق. چۈنكى ئۇلار تۈركلەرنىڭ ئەڭ زىيانكەش، ئۇرۇشقاق ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئەڭ ئامراقلىرىدىن ئىدى. ئۇلاردىن بىرى بىرەر ئادەمنى ئۇچراتسا، ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىپ، تېنىنى تاشلاپ، بېشىنى ئېلىپ كېتىدىكەن. ئۇلار ساقاللىرىنى چۈشۈرۈدىكەن ۋە پىتلارنى يەيدىكەن. ئىچ كىيىملىرىنىڭ چاكلىرىنى ئاختۇرۇپ، تاپقان پىتلارنى چايناپ يەيدىكەن. يېنىمىزدا ئۇلاردىن بىزگە خىزمەت قىلىدىغان، مۇسۇلمان بولغان بىرى بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇنىڭ كۆينىكىدىن بىر پىت ئېلىپ تىرناقلىرى بىلەن ئۇنى ئېزىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن يالىغانلىقىنى كۆردۇم. مېنىڭ قارىغىنىمنى كۆرۈپ، «بەك تاتلىق» دېدى.

ھەممىسى ياغاچنى زەكەر شەكلىدە ياساپ بوينىغا ئېسىۋالىدىكەن. سەپەرگە چىقىدىغان ياكى بىرەر دۈشمەنگە ئۇچراپ قالىدىغان بولسا، ئۇنى سۆيىدىكەن ۋە ئالدىغا يېقىلىپ سەجدە قىلىدىكەن.

ئارىسىدا بەزىلىرى ئون ئىككى ئىلاھى بارلىقىنى، قىش، ياز، يامغۇر، شامال، دەرەخ، ئادەم، هايۋان، سۇ، كېچە، كۈندۈز، ئۆلۈم، هايات ۋە يەر - زېمىنىنىڭ ئايرىم - ئايرىم ئىلاھلىرى بارلىقىنى ئېيتىشتى، كۆكتىكى ئىلاھ بولسا ھەممىسىنىڭ چوڭى، بىراق ئۇ باشقىلىرى بىلەن كېلىشىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى باشقىلىرىنىڭ ئىشلىرىغا ماقۇل بولىدۇ. «ئاللاھ كۇپارلارنىڭ دېگىنىدىن پۈتۈنلەي باشقا» دەپ قارايدىكەن.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە يىلانغا، بېلىققا چوقۇنىدىغانلارنى كۆردۇق. بىر قىسمى تۇرنىغا چوقۇنىدىكەن. ماڭا چۈشەندۈرۈشىچە، تۇرنىغا چوقۇنغانلار بىر كۈنى بىر دۈشمەن قەبىلە بىلەن ئۇرۇشۇپ يېڭىلىپ قاپتۇ، بۇ جەرياندا دۈشمەنلىرىنىڭ كەينىدە تۇرنىلار غاقىلداشقا باشلاپتۇ. ئۇلار قورقۇشۇپ، غالىپ تۇرۇقلۇق قېچىپ مەغلۇپ بوپتۇ.

بۇنىڭ بىلەن ئۇرنىلارغا ئىبادەت قىلىشقا باشلاپتۇ. «بۇلار بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىز، ئۇلار بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزنى مەغلۇپ قىلدى» دەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۇرنىغا چوقۇنۇشىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىكەن.

بۇلارنىڭ يۇرتىدىن قوزغالغاندىن كېيىن، جىرىمسان، ئۇران، ئۇرەم، بايناھ (ماينا)، ۋاتىغ (ئۇتقا)، نىياسنا، جاۋشىز (ئاغتاي) دەريالىرىدىن ئۆتتۇق. بۇ دەريالار ئارىسىدا ئىككى، ئۈچ ۋە تۆت كۈنلۈك ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئاز ياكى كۆپ مۇساپە بار.

## بۇلغارلار (71)

بىز ئەلچىلىك ۋەزىپىسى بىلەن كېتىۋاتقان بۇلغار ھۆكۈمدارىنىڭ مەملىكىتىگە بىر كېچە - كۈندۈزلۈك ئارىلىق قالغاندا، ھۆكۈمدار قول ئاستىدىكى تۆت بەگ (72) قېرىنداشلىرىنى ۋە باللىرىنى ئالدىمىزغا ئەۋەتىپ بىزنى كۈتۈۋالدى. بۇلار نان، گۆش ۋە تېرىق (73) ئېلىپ كېلىپ بىزنى كۈتۈۋالدى، بىزنى باشلاپ بىللە ماڭدى. ھۆكۈمدار بار يەرگە ئىككى فەرساخ (10 كىلومېتىر) ئارىلىق قالغاندا، شەخسەن ئۆزى چىقىپ كۈتۈۋالدى. ئۇ بىزنى كۆرۈپ، ئاللاغا شۈكرى دەپ يەرگە باش قويۇپ سەجدە قىلدى. يېنىنىڭ ئىچىدە تۇتۇۋالغان كۈمۈش تەڭگىلەرنى ئۈستىمىزگە چاچتى (74). بىزگە مەخسۇس گۈمبەزلىك چېدىرلار قۇردۇردى. شۇ چېدىرلارغا چۈشتۇق.

ھۆكۈمدارنىڭ يېنىغا ھىجرىيە 310 - يىل مۇھەررەمنىڭ 12 - كۈنى، يەكشەنبە كۈنى باردۇق. جۇرجانىيەدىن ئۇنىڭ مەملىكىتىگە يەتمىش كۈنلۈك مۇساپىنى بېسىپ كەلدۇق. يەكشەنبە، دۈشەنبە، سەيشەنبە، چارشەنبە كۈنلىرى چېدىرلاردا بولدۇق. خەلىپىنىڭ مەكتۇپىنى ئوقۇماقچى بولغىنىمىزدا، ھۆكۈمدار بەگلىرىنى، قوماندانلىرىنى ۋە ئائىلە ئەزالىرىنى ھازىر قىلدى. پەيشەنبە كۈنى ھەممەيلەن يىغىلغاندا، ئۆزىمىز ئېلىپ كەلگەن ئىككى بايراقنى ئاچتۇق. خەلىپە بىزدىن يوللىغان ئىگەر بىلەن ھۆكۈمدارنىڭ ئېتىنى ئىگەرلىدۇق. ئۆزىگە قارا خىلئەت (تون) ۋە سەللە كىيدۈردۇق (75). ئۇنىڭدىن كېيىن خەلىپىنىڭ مەكتۇبىنى چىقاردىم ۋە ھۆكۈمدارغا: «خەلىپىنىڭ مەكتۇپى ئوقۇلغاندا ئولتۇرۇشىمىز توغرا بولماس» دېدىم. بۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمدار ئۆزى ۋە كاتىپباشلىرى ئورنىدىن تۇرۇشتى. ھۆكۈمدار ناھايىتى سېمىز ۋە قوساقلىق ئادەم ئىدى.

مەكتۇپنى ئوقۇشقا باشلىدىم. كىرىش قىسمىنى ئوقۇپ، «ئۆزلىرىگە سالاملىرىم يېتىپ مەلۇم بولسۇن، ئۆزلىرى بىلەن بىللە، ئۆزىدىن باشقا ئىلاھ بولمىغان ئاللاغا

شۈكۈرلەر بولسۇن» دېگەن جۈملىگە كەلگەندە، «ئەمىر ئەل مۆئمىنىننىڭ سالامىنى قوبۇل قىلغايسىز» دېدىم. ئۇ ۋە يېنىدىكىلەر بىرلىكتە سالامنى قوبۇل قىلىشتى. مەن مەكتۇپنى ئوقۇدۇم، تەرجىمان جۈملىمۇ جۈملە تەرجىمە قىلدى. مەكتۇپ ئوقۇلۇپ بولغاندا، ئۇ يەردىكىلەر بىر ئېغىزدىن تەكبىر ئېيتىپ، يەر زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈشتى.

كېيىن ھۆكۈمدار ئۆرە تۇرغاندا، ۋەزىر ھەممەدبىن ئەل ئابباس (76) نىڭ مەكتۇپىنىمۇ ئوقۇدۇم. كۆپچىلىكنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدىم. نەزىر ئەل ھەرەمنىڭ مەكتۇپى ئوقۇلۇۋاتقاندا، ئولتۇرۇشتى. بۇ مەكتۇپ ئوقۇلۇپ بولغاندا، ھۆكۈمدارنىڭ ئادەملىرى ھۆكۈمدارنىڭ ئۈستى - بېشىغا كۆپ مىقداردا كۈمۈش تەڭگە چېچىشتى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا ۋە خوتۇنىغا ئېلىپ كەلگەن ئىپار - زەپەر، كىيىم - كېچەك، ئۈنچە - مەرۋايىتقا ئوخشاش قىممەتلىك سوغاتلارنى چىقاردىم. ئۇلارنى بىر - بىردىن ئۇنىڭغا ۋە خوتۇنىغا تەقدىم قىلدىم. بۇ ئىشنىمۇ پۈتتۈرۈپ، خەلقنىڭ ئالدىدا ھۆكۈمدارنىڭ خوتۇنىغا خىلئەت كىيگۈزدۈم. خاتۇن ھۆكۈمدارنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى (77). بۇ ئۇلارنىڭ ئادىتى ئىكەن. خاتۇنغا خىلئەت كىيگۈزگەندە، ئاياللار ئۇنىڭ ئۈستى - بېشىغا كۈمۈش تەڭگىلەرنى چاچتى. كېيىن بىز چېدىرلىرىمىزغا قايتتۇق.

بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ھۆكۈمدار ئادەم ئەۋەتىپ بىزنى چاقىرتتى، يېنىغا كىردۇق. ئۇ گۈمبەزلىك چېدىرىدا ئىكەن. بالىلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇشاتتى. ئۆزى تەنھا، رۇمنىڭ يىپەك رەختى بىلەن بېزەلگەن تەخت ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ھەممەيلەن كېلىپ بولغاندىن كېيىن، داستىخان سېلىشقا بۇيرۇدى. كاۋاپ قىلىپ پىشۇرۇلغان گۆش سېلىنغان داستىخان ھۆكۈمدارنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. ھۆكۈمدار قولىغا پىچاقنى ئېلىپ، بىر توغرام كېسىپ ئاغزىغا سالدى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى كېسىنىمۇ يەنە شۇنداق قىلدى. كېيىن بىر پارچە كېسىپ ئەلچى سەۋسەنگە بەردى. سەۋسەن ئۇنى ئالغاندا ئۇنىڭغا كىچىك بىر داستىخان ئەكىلىپ ئالدىغا قويۇلدى. ئۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە، ھۆكۈمدار ئۇلارغا بىر كېسىم بەرمىگىچە، ھېچكىم تاماققا قولىنى ئۇزاتمايدىكەن. ھۆكۈمدار بەرگەن توغرامچىنى ئالغۇچىغا بىر داستىخان كېلىدىكەن (78). كېيىن ماڭا بىر توغرام بەردى. ماڭىمۇ بىر داستىخان كەلدى. يەنە بىر پارچە كېسىپ ئوڭ يېنىدىكى بەگكە بەردى ... كېيىن بالىلىرىغا بىرەر پارچىدىن بەردى. ئۇلارغىمۇ داستىخانلار كەلدى. ھەممەيلەن ئۆز داستىخىنىدىن تاماق يەيدىكەن، باشقىلارنىڭ داستىخىنىغا قول ئۇزاتمايدىكەن ۋە تاماقنى يەپ بولۇپ، داستىخىنىدا ئېشىپ قالغىنىنى ئۆز ئۆيىگە (چېدىرىغا) ئېلىپ كېتىدىكەن.

تاماقىمىزنى يېگەندىن كېيىن، ھۆكۈمدار بىر كېچە ـ كۈندۈز ئىلگىرى ياسالغان بال شەربىتىنى كەلتۈردى. ئۇلار بۇنى «سۇجۇۋ» (79) دەيدىكەن. ئۇنىڭ بىلەن بىز بىرەر قەدەھتىن ئىچتۇق. كېيىن ئۆرە تۇرۇپ ئاللا تائالا ئەمىر ئەل مۆئمىنىنگە ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلسۇن، بۇ ئۇنىڭغا بولغان مەمنۇنىيىتىمنىڭ نىشانىسىدۇر» دېدى. ئۇنىڭ ئۆرە تۇرۇشى بىلەن ئۇ يېنىدىكى تۆت بەگ ۋە باشلىقلىرىمۇ ئورنىدىن تۇرۇشتى، بىزمۇ ئورنىمىزدىن تۇردۇق. ھۆكۈمدار بۇ ھەرىكەتنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھوزۇرىدىن چىقتۇق.

مەن كېلىشتىن ئىلگىرى، ھۆكۈمدارنىڭ مەسچىتىنىڭ مۇنبىرىدە ئۇنىڭ نامىدا «ئەي ئاللا، بۇلغارلارنىڭ ھۆكۈمدارى يىلتىۋارغا ياخشىلىق ئەيلە» دېگەن مەزمۇندا خۇتبە ئوقۇلىدىكەن. ئۇنىڭغا «ھۆكۈمدار پەقەتلا ئاللادۇر، مۇنبەردە ئاللادىن باشقىسى بۇ نام بىلەن تىلغا ئېلىنمايدۇ. ئەمىر ئەل مۆئمىنىن جانابلىرىمۇ شەرق ۋە غەربتىكى مۇنبەرلەردە ئۆزىنى «ئەي ئاللاھىم! قۇلۇڭ ۋە خەلىپەڭ ئەمىر ئەل مۆئمىنىن جافەر ئەل ئىمام ئەل مۇقتەدىر بى ئاللاغا ياخشىلىق ئەيلە، دېيىلىش بىلەن قانائەتلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى خەلىپىلەرمۇ شۇ مەزمۇن بىلەن قانائەتلىنەتتى. مەن ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز، «مېنى خرىستىئانلارنىڭ مەريەم ئوغلى ئەيسانى مەدھىيىلىگىنىدەك ھەددىدىن زىيادە مەدھىيىلىمەڭلار، مەن پەقەت بىر قۇل، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللانىڭ قۇلى ۋە رەسۇلى دەڭلار دېگەن» دېدىم.

بۇنىڭ بىلەن ئۇ «مېنىڭ نامىمغا خۇتبە ئوقۇش قانداق دۇرۇس بولىدۇ؟» دېدى. مەنمۇ: «ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئاتىلىرىنىڭ نامى بىلەن» دېدىم. ھۆكۈمدار: «ئاتام كۇپپار ئىدى، ئۇنىڭ نامىنىڭ مۇنبەردە ئېيتىلىشىنى خالىمايمەن. مېنىڭ ئىسمىممۇ بىر كۇپپار قويغانلىقى ئۈچۈن، مېنىڭ نامىمنىڭمۇ خۇتبىدە تىلغا ئېلىنىشىنى ئارزۇ قىلمايمەن. تەخسىر، ئەمىر ئەل مۆئمىنىننىڭ ئىسمى نېمە ئىكەن؟» دېدى. مەن «جافەر» دېدىم. ھۆكۈمدار: «مېنىڭ ئۇنىڭ نامىنى ئېلىشىم توغرا بولارمۇ؟» دېدى. مەن «شۇنداق، بولىدۇ.» دېدىم. بۇنىڭ بىلەن ئۆز ئىسمىمنى جافەر، ئاتامنىڭ ئىسمىنى ئابدۇللا دەپ ئالماشتۇردۇم» دېدى ۋە خاتىپقا خۇتبىنى بۇ ئىسىم بىلەن ئوقۇشنى ئەمىر قىلدى. ئۇمۇ بۇ ئەمرنى ئورۇندىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ نامىغا خۇتبە «ئەي ئاللا! ئەمىر ئەل مۆئمىنىننىڭ مەۋلاسى (ۋەلىسى) ۋە قۇلۇڭ بۇلغار ھۆكۈمدارى جافەر بىن ئابدۇللاغا ياخشىلىق ئەيلە» دېگەن مەزمۇندا ئوقۇلىدىغان بولدى.

مەكتۇپ ئوقۇلۇپ، سوغاتلار بېرىلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، ھۆكۈمدار ئادەم ئەۋەتىپ مېنى ھوزۇرىغا چاقىرتتى. خەلىپە ئەۋەتكەن تۆت مىڭ ئالتۇن مەسىلىسىنى ۋە بۇلارنىڭ كېچىكىشىگە سەۋەب بولغان خرىستىئان ئەل فازىل بىن مۇسانىڭ قىلغان

ھىلىسىنى ئۇققان ئىدى. چۈنكى مەكتۈپتا ئالتۇنلار توغرىسىدا ئېيتىلغان ئىدى. ھوزۇ-رىغا كىرگىنىمدە، ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئولتۇردۇم. خەلپىنىڭ مەكتۈپىنى ئالدىمغا تاشلاپ، «بۇ مەكتۈپنى كىم ئەپكەلدى؟» دېدى. «مەن» دېدىم. كېيىن ۋەزىر ئەۋەتكەن خەتنى تاشلىدى. «بۇنىچۇ؟» دېدى. يەنە «مەن» دېدىم. «ھەر ئىككى مەكتۈپتا دېيىلگەن پۇللار قېنى؟» دېدى. مەن «بىرلىكتە يېتىپ كېلەلمىدى. ۋاقىت زىق بولغانلىقتىن بۇ يەرگە كېلىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويماي دەپ، ئارقىمىزدىن يېتىشۋېلىشى ئۈچۈن تاشلاپ كەلدۇق» دېدىم.

ھۆكۈمدار «سىلەر ھەممىڭلار بىللە كەلدىڭلار. مېنى ئاسارەت ئاستىغا ئالغان (قۇل قىلماقچى بولغان) يەھۇدىلەردىن قوغدايدىغان بىر قەلئە (80) قۇرۇلۇشىدا سەرپ قىلىنىدىغان بۇ پۇلنى ئەپكېلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە شۇنچە چىقىم قىلدىم. سوغاتنى بولسا مەن ئەۋەتكەن ئەلچىمۇ ئەپكېلەلەيتتى» دېدى. مەن: «شۇنداق، توغ-را، بىز قولىمىزدىن كەلگەننى قىلدۇق. قانداق قىلىمىز، نەتىجىدە شۇنداق بولۇپ قالدى» دېدىم. بۇنىڭ بىلەن تەرجىمانغا: «ئۇنىڭغا ئېيتقىن، مەن بۇلارنى تونۇمايمەن. پەقەت سېنى تونۇيمەن. چۈنكى ئۇلار بىلىمسىز كىشىلەر. ئەگەر ۋەزىر سەن قىلغان نەرسىنى ئۇلارنىڭ قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنسە ئىدى، ھوقۇقۇمغا بوي سۇنۇشۇڭ، ماڭا مەكتۈپنى ئوقۇپ جاۋابىنى ئېلىشىڭ ئۈچۈن سېنى بۇياقلارغا ئەۋەتمىگەن بولاتتى. سەندىن باشقىسىدىن بىردىرھەممۇ ئالمايمەن. پۇلنى چىقار، سەن ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى شۇ» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، ھۇزۇرىدىن پەرىشان ۋە قورقۇنچ ئىچىدە قايتىپ چىقتىم. ئۇ سۇرلۇك، بەستلىك ۋە سېمىز بىر ئادەم ئىدى. ئاۋازى گويا بىر كۆپ ئىچىدە گەپ قىلىۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى. يېنىدىن چىققاندىن كېيىن بۇرادەرلىرىمنى يىغدىم. ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئارامدا ئۆتكەن بۇ ۋەقەنى ئۇقتۇردۇم. ئۇلارغا: «بۇ ئادەمدىن قورقۇپ قالدىم» دېدىم.

ھۆكۈمدارنىڭ مەزىنى ئەزان ئېيتقاندا، ئەزاننىڭ سۆزلىرىنى ئىككى تەك-رارلاپ ئوقۇيتتى. ھۆكۈمدارغا: «تەخسىر، ئەمىر ئەل مۆئمىنىننىڭ ئۆز سارىيىدا ئەزاننىڭ سۆزلىرىنى بىر قېتىمدىن ئوقۇتىدۇ» دېدىم. بۇنىڭ بىلەن مەزىنگە: «سەن دېگىنىنى بويىچە قىل، ھەرگىز خىلاپلىق قىلما» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەزىن ئەزاننى شۇنداق ئوقۇدى. بۇ ئارىدا ھۆكۈمدار مەندىن پۇلنىڭ قانداق بولغانلىقىنى سوراپ ۋە بۇ ھەقتە مەن بىلەن مۇنازىرىلىشىپ تۇردى. مەن بولسام پۇلدىن ئۈمىدنى ئۈزدۈرۈشكە ۋە ئۆزەمنى قوغداشقا تىرىشاتتىم. پۇلدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەندە، مەزىنگە ئەزاننىڭ سۆزلىرىنى ئىككى تەكرارلاپ ئوقۇشنى بۇيرۇدى. ئۇمۇ ئەمرىنى

ئورۇنددى. بۇنداق قىلىش بىلەن مەن بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە يول ئاچماقچى ئىدى. مەزىنىنىڭ ئەزانىنىڭ سۆزلىرىنى يەنە تەكرارلىغانلىقىنى ئاڭلىغىنىمدا، ئۇنى بۇنداق قىلىشتىن توسۇپ ۋارقىرىدىم. ھۆكۈمدار بۇنى ئاڭلاپ، مېنى ۋە بۇرادەرلىرىمنى چاقىرتتى. ھەممىمىز يىغىلغاندا، ماڭا ئىشارەت قىلىپ، تەرجىمانغا: «ئۇنىڭغا ئېيت، ئىككى مەزىن بار، بىرى ئەزانىنىڭ سۆزلىرىنى بىر قېتىمدىن، يەنە بىرى ئىككى قېتىمدىن ئوقۇيدۇ. كېيىن ھەر ئىككىسى ئوخشاش شۇ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇيدۇ. ناماز دۇرۇسمۇ، دۇرۇس ئەمەسمۇ، بۇ خۇسۇستا نېمە دەيسەن؟» دېدى، جاۋابەن: «ناماز دۇرۇس» دېدىم. «ئىتتىپاق بىلەنمۇ ياكى ئىختىلاپ بىلەنمۇ؟» دېدى. «ئىتتىپاق بىلەن» دېدىم (81). شۇنىڭدىن كېيىن تەرجىمانغا: «ئۇنىڭدىن سورا، مۇھاسىرە ئاستىدا قالغان، قول قىلىنماقچى بولغان ئاجىز قەبىلىگە ياردەم قىلىش مەقسىتىدە بىر ئادەم بەزى كىشىلەردىن پۇل ئەۋەتسە، ئۇلار ئامانەتكە خىيانەت قىلسا، بۇ كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى ھەققىدە نېمە دەيسەن؟» دېدى. مەن: «بۇ توغرا ئەمەس. بۇنداق قىلغانلار يامان ئادەملەر» دېدىم. «ئىتتىپاق بىلەنمۇ ياكى ئىختىلاپ بىلەنمۇ؟» دېدى. مەن «ئىتتىپاق بىلەن» دېدىم. كېيىن تەرجىمانغا: «ئۇنىڭدىن سورا. خەلىپە ماڭا بىر قوشۇن ئەۋەتسە، كىلەرمۇ؟» دېدى. جاۋابەن: «ياق» دېدىم. «خۇراسان ھۆكۈمدارىچۇ؟» دېدى. يەنە «ياق» دېدىم. ھۆكۈمدار: «بۇنىڭ سەۋەبى يولنىڭ ئۇزاقلىقى ۋە ئارىمىزدىكى كۆپار قەبىلىلەرنىڭ كۆپلۈكىغۇ دەيمەن؟» دېدى. مەن: «شۇنداق» دېدىم. بۇنىڭ بىلەن تەرجىمانغا: «ئۇنىڭغا ئېيت. ئەزبىرايى، مەن شۇنچە ئۇزاقتا بولسىمۇ، ئەمىر ئەلمۆئمىنىندىن قورقىمەن. خوپ كۆرمىگەن بىر ھەرىكىتىمنى تۇيۇپ قالسا، ئارىمىزدا شۇنچىۋالا مەملىكەتلەر بولسىمۇ، مېنى قاغاپ، شۇ جايىمدىلا يوقۇتىدۇ دەپ قورقىمەن. سىلەر ئۇنىڭ نېنىنى يەيدىغانلار، كىيىم - كېچىكىنى كىيىدىغانلار، ھەر دائىم ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇغلۇق، ئۇ سىلەرنى ماڭا يەنى ئاجىز بىر قەبىلىگە ئەۋەتكەن ئەلچىلىك ۋەزىپىسىگە ئوخشاش قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭغا ۋە مۇسۇلمانلارغا خىيانەت قىلدىڭلار، ماڭا راست گەپ قىلدىغان بىرى كەلمىگىچە سىلەردىن ئاڭلىغان دىنىي خۇسۇستىكى ھەر قانداق گەپنى قوبۇل قىلمايمەن، بۇنداق بىر ئادەم كەلسە، ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلىمەن» دەپ، بىزنى ئېغىز ئاچۇرمىدى، بېرىدىغان جاۋاب تاپالماي ھۇزۇرىدىن قايتىپ چىقتۇق.

ئىبنى فەزلان شۇنداق دەيدۇ: سۆھبەتتىن كېيىن ھۆكۈمدار بۇرادەرلىرىمگە ئېتىبار بەرمىگەن يەردە، مېنى باشقىلاردىن ياخشىراق كۆردى. مېنى يېنىدىن ئايرىمىدى ۋە «ئەبۇ بەكرى ئەل سىدىق» دەپ ئاتىدى.

بۇلغار ھۆكۈمدارىنىڭ مەملىكىتىدە ساناقسىز ئاجايىپ نەرسىلەرنى كۆردۈم. بۇلاردىن بىرى بۇنداق :

ئۇنىڭ مەملىكىتىگە كەلگەن بىرىنچى كۈنى، كۈن پېتىشتىن دەل بىر سائەت ئىلگىرى ئاسماننىڭ تازا قىزارغىنىنى كۆردۈم. كۆكتىن شىددەتلىك ئاۋازلار ۋە قاتتىق گۈلدۈرماما ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. بېشىمنى كۆتەردىم. يېقىن جايدا ئوتتەك قىزىل بىر بۇلۇت كۆرۈندى. بۇ گۈلدۈرماما ۋە ئاۋازلار ئۇنىڭدىن كېلىۋاتاتتى. دىققەت قىلىپ قارىدىم، بۇلۇتنىڭ ئىچىدە ئادەمگە ۋە ئات ـ ئۇلاغقا ئوخشايدىغان نەرسىلەر، بۇلارنىڭ قوللىرىدا ئوقيا، نەيزە ۋە قىلىچ بار ئىدى. بۇ نەرسىلەرگە دىققەت بىلەن قاراپ، ئۇنى پەرق ئېتىشكە تىرىشاتتىم. دەل شۇ ئارىلىقتا بۇ بولۇتقا ئوخشاش باشقا بىر بۇلۇت ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇنىڭدىمۇ ئادەملەر، ئات ـ ئۇلاغلار ۋەقوراللار كۆرۈنەتتى. بىر ئاتلىق قوشۇن يەنە بىرىگە ھۇجۇم قىلغاندەك، بۇ قوشۇنلاردىن بىرى يەنە بىرىگە ھۇجۇمغا ئۆتتى. بىز بۇ ئەھۋالدىن ناھايىتى قورقتۇق. ئاللاغا يالۋۇرۇشقا ۋە دۇئا قىلىشقا باشلىدۇق. يەرلىكلەر بولسا بىزگە كۈلەتتى ۋە بۇ ھالىمىزغا ھەيران بولاتتى (82).

ئىبنى فەزلان شۇنداق دەيدۇ: بىز بىر قوشۇننىڭ يەنەبىرىگە ھۇجۇم قىلىشىنىغا قاراپ تۇراتتۇق، ئىككى قوشۇن بىر ـ بىرىگە قاراپ كېلەتتى. بىر ھازادىن كېيىن ئايرىلاتتى. بۇ ھال كېچىنىڭ خېلى ئۇزۇن بىر قىسمىغىچە داۋاملاشتى. كېيىن ھەر ئىككى قوشۇن غايىپ بولدى، ھۆكۈمداردىن بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىدۇق. جاۋابەن، ئاتىلىرىنىڭ «بۇلار جىنلارنىڭ مۆمىنلىرى بىلەن كاپىرلىرىدۇر» دېگەنلىكلىرىنى. ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ھەر ئاخشام مۇشۇنداق تۇتۇشىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئىبنى فەزلان شۇنداق دەيدۇ: كېيىن ھۆكۈمدارنىڭ ئەسلى باغداتتىن، بۇ تەرەپلەرگە تاسادىپىي كېلىپ قالغان سەيپۇكى بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن گۈمبەزلىك چېدىرىمغا كىردۇق. يېرىم پارە قۇرئان ئوقۇغىدەك ۋاقىت ئۆتمىگەن ئىدى. خۇپتەنگە ئەزان ئېيتىشنى كۈتۈپ پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق. ئەزان ئاڭلاندى، چېدىردىن چىقتۇق. سەھەر ۋاقتى بولۇپ قالغىنىنى تۇيماي قاپتۇق. مەزىندىن «ئەزاننى نېمىگە ئوقۇدىڭىز» دەپ سورىدىم. مەزىن: «بامدات نامىزىغا» دېدى. «خۇپتەنگە ئەزان ئوقۇلمىدىغۇ ؟» دېدىم. «بۇنى ناماز شامدىن كېيىن ئوقۇيمىز» دېدى. «كېچە نېمە بولۇپ كەتتى ؟» دەپ سورىدىم. «كۆرگىنىڭىزدەك، سىز كېلىشتىن بۇرۇن بۇنىڭدىنمۇ قىسقا ئىدى، ھازىر ئۇزۇراپ قالدى» دېدى. بۇنىڭدىن باشقا، بامدات نامىزىنىڭ قازا بولۇشىدىن ئەنسىرەپ بىر ئايدىن بېرى كېچىسى ئۇخلىمىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇ قەدەركى، ئاخشىمى قازان ئاسسا، قازاندىكى تاماق پىشماستىن بامدات ۋاقتى بولىدىكەن.

ئىبنى فەزلان شۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ مەملىكىتىدە كۈندۈزنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن بولىدىغانلىقىنى كۆردۈم. يىلنىڭ بىر قىسمىدا كۈن ناھايىتى ئۇزۇن، تۈن ناھايىتى قىسقا بولىدىكەن، كېيىن تۈن ئۇزۇراپ، كۈن ناھايىتى قىسقىراپ كېتىدىكەن. مەن بىرىنچى ئىككىنچى كېچىسى گۈمبەزلىك چېدىرىمنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ ئاسماننى تاماشا قىلدىم. ناھايىتى شالاڭ يۇلتۇزنى كۆردۈم. ئۇيەر - بۇيەردە ئون - ئونبەشچە يولتۇز بار-دەك قىلاتتى. كەچقۇرۇنقى شەپەق قىزىللىقى تېخى يوقالمىغان. تۈن ئانچە قاراڭغۇ ئەمەس ئىدى. كېچىسى بىر ئوق يېتىم مۇساپىدىنمۇ ئۇزاقتىكى ئادەمنى تونۇغىلى بولاتتى.

ئىبنى فەزلان دەيدۇكى، ئايغا قارىدىم، كۆكنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلمەپتۇ. بىر-دەم ئاسماننىڭ ئۇپۇققا يېقىن قىسمىدا كۆرۈنگەندىن كېيىن، تاڭ ئېتىپ كۆزدىن غايىپ بولدى. ھۆكۈمدار مەملىكىتىنىڭ شىمالىدا پىيادە ئۈچ ئايدا يېتىپ بارغىدەك يېرىدە ۋىسۇ (84) دېگەن بىر قەبىلە بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ يۇرتىدا كېچىنىڭ بىر سائەت-تىنمۇ قىسقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئىبنى فەزلان شۇنداق دەيدۇ: ئۇ يەردە كۈن چىققاندا ھەممە يەر، تاغلار ۋە كۆرۈنگەن ھەممە نەرسە قىزىل رەڭ ئالىدۇ. قۇياش بولسا چوڭ بىر بولۇت شەك-لىدە چىقىدۇ. كۆكنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگىچە قىزىللىق داۋام قىلىدۇ. مەملىكەت خەلقى ماڭا: «بۇ يەردە قىشتا كېچە كۈندۈزچىلىك ئۇزۇن بولىدۇ. كۈندۈزمۇ كېچىچىلىك قىسقىرايدۇ، ھەتتا بىزدىن بىر ئادەم بىر فەرساخ (بەش كىلومېتر)مۇ كەلمەيدىغان ئېدىل دەرياسىغا بېرىش ئۈچۈن ئەتىگەندە يولغا چىقسا، ئۇ يەرگە يېتىپ بارمايلا قاراڭغۇ چۈشۈپ، كۆك يۈزى پۈتۈنلەي يۇلتۇزلار بىلەن قاپلىنىدۇ» دېيىشتى. بىز ئۇ يەردىن ماڭغاندا كېچە ئۇزۇراپ، كۈندۈز قىسقىرىغان ئىدى.

ئۇلار ئىتلارنىڭ ھاۋشىشىنى بەخت ھېسابلايدىكەن، ئىت ھاۋشىسا خۇشال بولۇپ كېتىدىكەن. مولچىلىق، بەرىكەت ۋە تىنچلىقنىڭ ئىپادىسى دەيدىكەن.

بۇلغار ئۆلكىسىدە يىلان ناھايىتى كۆپ ئىكەن، ھەتتا دەرەخنىڭ بىر شېخىغا ئون ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ يىلان يارمىشۋالىدىكەن. ئۇلار يىلاننى ئۆلتۈرمەيدىكەن، يىلانلارمۇ ئۇلارغا تەگمەيدىكەن. شۇنچىلىككى، بىر يەردە يۈز گەزدىن ئۇزۇن، يەرگە يىقىلغان دەرەخنى كۆردۈم. غولى ناھايىتى توم ئىدى. ئۇنىڭغا ئۆرە قاراپ تۇراتتىم. بىر ھازادا دەرەخنىڭ غولى مىدىرلاشقان باشلىدى. ھەيران بولۇپ دىققەت قىلىپ قارىدىم. ئۈستىدە دەرەخنىڭ توملىقىغا ۋە ئۇزۇنلۇقىغا باراۋەر يوغانلىقتا بىر يىلان تۇرۇپتۇ. مېنى كۆرۈپ، دەرەخنىڭ غولىدىن يەرگە چۈشۈپ ئورماننىڭ ئىچىدە غايىب بولدى. قورقۇنۇش ئىچىدە قايتىپ، بولغان ۋەقەنى ھۆكۈمدارغا ۋە بىرلىكتە ئولتۇرغانلارغا دېدىم. بۇنىڭغا پەرۋا قىلىپمۇ قويمىدى. ھۆكۈمدار: «قورقماڭ، ھېچ-

نەرسە قىلمايدۇ» دېدى. بىر كۈنى ھۆكۈمدار بىلەن بىر يەرگە چۈشتۇق. مەن ۋە بۇرادەرلىرىم تېگىن، سەۋسەن، بارس ۋە يېنىمىزدا بولغان ھۆكۈمدارنىڭ ئادەملىرىدىن بىرى بىلەن دەرەخلەر ئارىسىغا كىردۇق. چوكىدەك ئىنچكە ۋە ئۇزۇن، يېشىل ۋە كىچىك بىر دەرەخ كۆردۇق. ئىچىدە يېشىل بىر يىلتىز، بۇ يىلتىزنىڭ ئۇچىدا كەلڭ ۋە يەرگە يېيىلغان، يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك بىر يوپۇرماق. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇرۇقلىرى بار ئىكەن. بۇئۇرۇقنى يېگەن ئادەم ئۇنىڭ ئانار ئىكەنلىكىدىن قىلچە گۇمانلانمايدۇ. بۇنىڭدىن يېدۇق. تەمى ناھايىتى ياخشى ئىكەن. دائىم ئۇنى تېپىپ يەيدىغان بولدۇق.

ئۇلارنىڭ ياپ - يېشىل، سىركىدىنمۇ ئاچچىق بىر خىل ئالمىسى بولۇپ، بۇ ئالمىنى قىزلار يەيدىكەن. ئۇ ئادەمنى سەمرىتىدىكەن. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا فىندىك كۆچىتىدىن كۆپ دەرەخ كۆرمىدىم (85) ھەتتا 40 × 40 فەرساخ كەڭلىكتە فىندىك ئورمانلىرىنى كۆردۈم. ئۇ يەردە ئىسمى نامەلۇم يەنە بىر خىل دەرەخ كۆردۈم. ئۇ ناھايىتى ئېگىز، غولى يوپۇرماقسىز ئىدى. بېشى خورما دەرىخىنىڭ بېشىغا ئوخشاش، يوپۇرماقلىرى بولسا خورمىنىڭ ئىنچىكە يوپۇرماقلىرىغا ئوخشاش بولۇپ، توپ - توپ بولىدىكەن. ئۇلار بۇ دەرەخنىڭ غولىنىڭ بىر يېرىنى تىلىپ ئاستىغا بىر قاچا ئورنىتىدىكەن، بۇ تۆشۈكتىن قاچىنىڭ ئىچىگە بالدىن تاتلىق بىر سۇيۇقلۇق ئاقىدىكەن. ئۇنى كۆپرەك ئىچسە شاراپتەك مەس قىلىدىكەن.

بۇغداي ۋە ئارپىنىڭ مول بولۇشىغا قارىماي، تېرىق ۋە ئات گۆشىنى ئەڭ كۆپ ئىستېمال قىلىدىكەن. بىر كىشى بىر نەرسە تېرىسا، ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىدىكەن. ھۆكۈمدارنىڭ بۇنىڭدا ئۈلۈشى بولمايدىكەن. پەقەت ھەر ئۆي يىلدا بىر ھۆكۈمدارغا بىر قاما جۇۋا بېرىدىكەن. ھۆكۈمدار ئەسكەرلىرىنى ھەر قانداق بىر يەرگە تاجاۋۇزچىلىققا ئەۋەتسە، ئەسكەرلىرى ئالغان غەنىيمەتتىن بەلگىلىك بىر ئۈلۈش ئالىدىكەن. توي قىلغان ياكى چاي قىلغان كىشىلەر بەرگەن زىياپەتكە قاراپ ھۆكۈمدارغا بىر ئۈلۈش ئايرىش، بىر ساھرەج (86) بال شارابى ۋە بىر ئاز بۇغداي ئېچىتقۇسى (87) بېرىش مەجبۇرىيىتى بار ئىكەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ يۇرتى نەم ۋە ھاۋاسى ئېغىر (88) بولۇپ، ئوزۇق - تۈلۈكنى ساقلايدىغان يېرىمۇ يوق ئىكەن. پەقەت يەرگە قۇدۇق قېزىپ، ئوزۇق - تۈلۈكنى شۇ يەرگە قويىدىكەن. ئۇمۇ بىر قانچە كۈنگىلا چىندايدىكەن.

زەيتۇن يېغى، كۇنجۇت يېغى ۋە سېرىق ياغ يېمەيدىكەن. بۇلارنىڭ ئورنىغا پۈتۈنلەي بېلىق يېغى ئىشلىتىدىكەن (89). شۇ سەۋەبدىن، ئىشلەتكەن ھەممە نەرسىسى سېسىق پۇراپ تۇرىدىكەن. ئارپىدا بىر خىل سۇيۇق تاماق ئېتىدىكەن، بۇنى ياش ئوغۇل - قىزلار ئىچىدىكەن. بەزىدە ئارپىنى گۆش بىلەن پىشۇرىدىكەن، ئەرلەر

گۆشىنى، قىزلار ئارپىسىنى يەيدىكەن. پەقەت ئۆچكىنىڭ بېشى بىلەن شورپا پىشۇرۇلسا، ئۇنىڭ گۆشىنى قىزلارمۇ يەيدىكەن.

ھەممەيلەن كىگىز قالپاق كىيگەن (90). ھۆكۈمدار ئاتقا ئات باققۇچىنىڭ ياردىمىسىز ئۆزى مىنىدىكەن. سەيلە قىلغاندا يېنىغا مۇھاپىزەتچى ئالمايدىكەن. كوچا ۋە بازارلاردىن ئۆتكەندە، ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، قالپاقلىرىنى ئېلىپ قولتۇقىغا قىسىۋالىدىكەن. ھۆكۈمدار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن كىيىۋالىدىكەن. ھۆكۈمدارنىڭ ھوزۇرىغا كىرگەن ھەرقانداق ئادەم مەيلى، چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، ھەتتا باللىرى، قېرىنداشلىرى بولسۇن، ئۇنى كۆرگەندە قالپىقىنى ئېلىپ قولتۇقىغا قىسىۋالىدىكەن. كېيىن بېشى بىلەن سالام بېرىپ ئولتۇرىدىكەن. ئاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ھۆكۈمدار ئولتۇرۇشقا بۇيرۇمىغىچە ئۆرە تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ھەرقانداق ئادەم تىز چۆكۈرۈپ ئولتۇرىدىكەن، ھوزۇرىدىن چىقىپ كەتكىچە قالپىقىنى قولتۇقىدىن چىقارماي، تاشقىرى چىققاندىن كېيىن كىيىدىكەن (91). ھەممىسى گۈمبەز سىمان كىگىز ئۆيلەر (92) دە ئولتۇرىدىكەن. لېكىن ھۆكۈمدارنىڭ ئۆيى ناھايىتى چوڭ بولىدىكەن، ئۇنىڭغا مىڭدىن ئارتۇق ئادەم سىغىدىكەن. ئىچى ئەرمەن شايىلىرى بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا رۇم يىپەك رەختلىرى بىلەن بېزەلگەن بىر تەخت بار ئىكەن.

ئۇلارنىڭ ئادەتلىرىگە ئاساسەن، بىر كىشىنىڭ ئوغلى ئوغۇل پەرزەنت كۆرسە، بوۋاقنى دادىسى ئەمەس، بوۋىسى ئالىدىكەن. «بۇنى ئادەم بولغىچە بېقىشقا دادىسىدىن مەن لايىق» دەيدىكەن (93). بىر ئادەم ئۆلسە، ئۇنىڭغا باللىرى ئەمەس، قېرىنداشلىرى مىراسخور بولىدىكەن (94). ھۆكۈمدارغا بۇنىڭ ئىسلامىيەتكە دۇرۇس بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتىم. مىراسنىڭ قانداق قالدۇرۇلىدىغانلىقىنى ياخشى چۈشەنگىچە ئىزاھلاپ بەردىم. ئۇلارنىڭ مەملىكىتىدە ئەڭ كۆپ كۆرگەن نەرسىلىرىنىڭ بىرى چاقماق ئىدى. بىر ئۆيگە (چېدىرغا) چاقماق چۈشكەندە، ئۇنىڭغا يېقىن بارمايدىكەن، ئىچىدىكى ئادەم، ئۆي سايمانلىرى ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئۆز پېتى تاشلايدىكەن، ئۇلار شۇ يەردە كۆيۈپ تۈگەيدىكەن. ئۇ ئۆيدىكى ئادەملەرنى «ئاللانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان ئادەملەر» دەيدىكەن (95).

بىر ئادەم باشقا بىر ئادەمنى قەستەن ئۆلتۈرسە، گۇناھى ئۈچۈن ئۇنىمۇ ئۆلتۈرىدىكەن. خاتا ئۆلتۈرگەن بولسا، قېيىن ياغىچىدىن بىر ساندۇق ياساپ، قاتىلنى بۇنىڭ ئىچىگە سېلىپ، يېنىغا ئۈچ نان، بىر كومزەك سۇ قويۇپ، ساندۇقنى مىخلىغاندىن كېيىن، تۆگە ھارۋىسىنىڭ شوتىسىغا ئوخشاش ئۈچ ياغاچ تىكىپ، گۇناھكارنى بۇلارنىڭ ئارىسىغا ئاسىدىكەن. «بىز ئۇنى يەر بىلەن كۆك ئارىسىغا تاشلايمىز. ئاپتاپ ۋە يامغۇردا قالسۇن، ئاللا رەھىم قىلسا قۇتقۇزار» دەيدىكەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى

بىلەن چىرىپ شامالّلار ئۇچۇرۇپ كەتكىچە شۇنداق ئېسىقلىق تۇرىدىكەن (96).

ئەقىللىق ۋە بىلىملىك بىر ئادەمنى كۆرسە، «بۇ رەببىمىزگە خىزمەت قىلىشى كېرەك» دەپ ئۇنى تۇتۇپ بويىنىدىن باغلاپ دەرەخقە ئېسىپ قويىدىكەن. پارچىلىنىپ يەرگە چۈشكىچە شۇنداق ئېسىقلىق تۇرىدىكەن (97).

ھۆكۈمدارنىڭ تەرجىمانى ماڭا مۇنۇلارنى ئېيتىپ بەردى: «سىندلىق بىر ئادەم بۇ يەرگە تاسادىپىي كېلىپ، بىر مەزگىل ھۆكۈمدارنىڭ خىزمىتىدە بولدى. ئۇ قابىلىيەتلىك، ئەقىللىق بىر ئادەم ئىدى. بۇ چاغدا يەرلىك خەلقلەردىن بەزىلىرى تىجارەت ئۈچۈن بىر يەرگە بارماقچى بولغان ئىدى. سىندلىق ئادەم ئۇلار بىلەن بىللە كېتىش ئۈچۈن ھۆكۈمداردىن رۇخسەت سورىدى. ھۆكۈمدار دەسلەپ ئۇنىڭغا ماقۇل بولمىدى، لېكىن سىندلىق قاتتىق تۇرىۋالغانلىقتىن، رۇخسەت قىلدى. كېيىندىكىلەر ئۇنىڭ ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، بىر-بىرى بىلەن سۆزلىشىپ، بۇ رەببىمىزنىڭ خىزمىتىگە لايىق، ئۇنىڭغا ئەۋەتەيلى دېدى. ئۇلار يول ئۈستىدە ئورماندىن ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى ئادەمنى كېمىدىن چۈشۈرۈپ، بويىنىدىن باغلاپ، ئېگىز بىر دەرەخنىڭ ئۇچىغا ئاسقاندىن كېيىن تاشلاپ كېتىشتى.»

يولدا كېتىۋېتىپ ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى كىچىك تەرەت قىلماقچى بولۇپ، قورالى مۇرىسىدە تۇرۇپ كىچىك تەرەت قىلسا، ئۇنى يالىڭاچلاپ، قورالى، كىيىم-كېچەكلىرى ۋە ھەممە نەرسىسىنى تارتىۋالىدىكەن. ئۇنى بىلىمسىز ۋە قابىلىيەتسىز بىر كىشى دەپ قارايدىكەن. بۇ ئۇلارنىڭ بىر ئادىتى ئىكەن. ئەگەر بىر كىشى قوراللىرىنى بىر چەتكە قويغاندىن كېيىن كىچىك تەرەت قىلسا، ئۇنى قابىلىيەتلىك ۋە بىلىملىك دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا تەگمەيدىكەن.

ئاياللار بىلەن ئەرلەر بىرلىكتە دەرياغا كىرىپ، قىپيالىڭاچ يۇيۇنۇۋېرىدىكەن. بىر-بىرىدىن قاچمايدىكەن. لېكىن ھەر قانداق شەكىلدە زىنا قىلمايدىكەن، زىنا ئۇلاردا ئەڭ چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدىكەن. ئۇلاردىن بىرى زىنا قىلسا، كىم بولۇشىدىن قەتئىنەزەر، تۆت قوزۇق قېقىپ، زىنا قىلغۇچىنىڭ پۇت-قولىنى قوزۇققا باغلاپ، ئۇنى بويىنىدىن ياپىشىغىچە پالتا بىلەن چېپىپ ئىككى پارچە قىلىدىكەن. ئايالغىمۇ شۇنداق جازا بېرىدىكەن. ئەر ۋە ئايالنى ئىككىگە بۆلگەندىن كېيىن، ھەر بىر پارچىسىنى بىر دەرەخكە ئاسىدىكەن. ئاياللارنى سۇ ئۈزگەندە ئەرلەردىن قاچسۇن دەپ شۇنچە تىرىشسامۇ مۇۋەپپەق بولالمىدىم. ئوغرىنىمۇ زىنا قىلغۇچىغا ئوخشاش ئۆلتۈرىدىكەن.

ئورمانلىرىدىكى ھەرە ئۇۋىلىرىدا كۆپ مىقداردا بال بولىدىكەن. ئۇلار بۇ ئۇۋىلارنى تونۇيدىكەن، بال ئېلىش ئۈچۈن ئورمانغا كىرىدىكەن. بەزىدە بۇ ئەسنادا

دۈشمەنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدىغانلىرىمۇ بولىدىكەن.
ئۇلارنىڭ ئىچىدە سودىگەرلەر ناھايىتى كۆپ بولىدىكەن. بۇ سودىگەرلەر تۈرك ئۆل-
كىلىرىگە بېرىپ قوي، ۋىسۇئۇلكىسىگە بېرىپ قاما ۋە قارا تۈلكە جۇۋىلىرىنى سېتىپ
ئەپكېلىدىكەن.

بۇلغارلار ئارىسىدا 5000 ئەر ۋە ئايالدىن تەشكىل تاپقان بارانجەر دەپ نام
چىقارغان چوڭ بىر ئائىلە كۆردۇق. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بولۇپتۇ ۋە ناماز ئوقۇي-
دىغان بىر ياغاچ مەسچىت ياساپتۇ. لېكىن قۇرئان ئوقۇشنى بىلمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ
ئىچىدىن بىر قىسمىغا نامازغا لايىق ئايەتلەرنى ئۆگىتىپ قويدۇم. مېنىڭ قولۇمدا
تالۇت ئىسىملىك بىرى مۇسۇلمان بولدى. ئۇنىڭغا ئابدۇللا دەپ ئات قويدۇم. ئۇ:
«ماڭا سىزنىڭ ئۆز ئىسمىڭىزنى بېرىشىڭىزنى سورايمەن» دېدى. ئىسمىنى دەرھال
مۇھەممەدكە ئالماشتۇردۇم. بۇ كىشىنىڭ خوتۇنى، ئانىسى ۋە باللىرىمۇ مۇسۇلمان
بولۇپ، ھەممىسى مۇھەممەد نامىنى ئالدى. ئۇنىڭغا «ئەلھەمدۇلىللا» ۋە «قۇل ھۇۋال-
لاھ ئەھەد» سۈرىلىرىنى ئۆگەتتىم. بۇ ئىككى سۈرىنى ئۆگىنىۋالغانلىقى ئۈچۈن گويا
بۇلغار ھۆكۈمدارى بولغاندىنمۇ بەك خۇشال بولۇپ كەتتى.

ھۆكۈمدارنىڭ ھۇزۇرىغا بارغىنىمىزدا ئۇنىڭ ھاللەجە (98) (khellethe)
دېگەن بىر كۆلنىڭ بويىدا ھەربىي گازارما قۇرغانلىقىنى بىلدۇق. بۇ ئۈچ كۆلدىن
ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىككىسى چوڭ، بىرى كىچىك بولسىمۇ، ئۈچىلىسى ناھا-
يىتى چوڭقۇر ئىكەن. بۇ يەر بىلەن ھازار دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان ئېدىل دەرياسى
ئارىسىدا بىر فەرساخچە ئارىلىق بولۇپ، بۇ دەريانىڭ بويىدا پات-پات ئېچىلىپ
تۇرىدىغان ۋە ناھايىتى قىممەتلىك نەرسىلەر سېتىلىدىغان بىر بازار (يەرمەنكە) (99)
بار ئىكەن.

خېلى بۇرۇنلا تېگىن ماڭا ھۆكۈمدارنىڭ مەملىكىتىدە غايەت بەستلىك بىر
ئادەم بارلىقىنى ئېيتقان ئىدى. ئۇ يەرگە بارغاندا ھۆكۈمداردىن بۇ ئادەمنى سورى-
دىم. ھۆكۈمدار: «شۇنداق، مەملىكىتىمىزدە بۇنداق بىر ئادەم بار ئىدى، لېكىن ئۆلۈپ
كەتتى. بۇ ئادەم مەملىكەت خەلقىدىن ۋە نورمال ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى» دەپ
ئۇنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردى:

بەزى يەرلىك سودىگەرلەر بۇ يەرگە بىر كۈنلۈك كېلىدىغان ئارىلىقتىكى ئېدىل
دەرياسىغا بارغان ئىكەن. بۇ چاغدا دەريانىڭ سۈيى كۆپىيىپ تېشىپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى
تۇيۇقسىز بىر كارۋان سودىگەر كېلىپ، «ھەي ھۆكۈمدار، دەريادا شۇنداق بىر ئادەم
تۇرۇپتۇ. ئەگەر بۇ بىزگە يېقىن جايدىكى خەلقنىڭ ئادىمى بولسا، بۇ دىياردا
تۇرۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس، باشقا يەرگە كەتمەي چارە يوق» دېدى.

بۇنىڭ بىلەن، ئۇلاققا مىنىپ ئۇلار بىلەن بىللە دەرياغا باردىم. بويى مېنىڭ گېزىم بىلەن ئۇن ئىككى گەز ئۇزۇنلۇقتا. بېشى يوغان بىر قازاندەك. بۇرنى بىر غېرىچ. كۆزلىرى يوغان، بارماقلىرى بىرغېرىچتىن ئۇزۇن ئادەم ئىكەن. بۇ ھال مېنى تاڭ قالدۇردى، ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسى ماڭىمۇ چۈشتى. ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا باشلىدۇق. لېكىن ھېچقانداق جاۋاب بەرمەي، بىزگە قاراپلا تۇراتتى. ئۇنى ئەپكەلگۈزدۇم. ئارلىقى بىزدىن ئۈچ ئايلىق كېلىدىغان ۋىسۇ خەلقىگە مەكتۇپ يېزىپ، ئۇنى سۈرۈشتۈردۈم. مەكتۇپ بىلەن شۇنداق مەلۇمات بەردى:

«بۇ ئادەم يەئجۇج ۋە مەئجۇج قەبىلىسىدىندۇر (100). ئۇلار بىزدىن ئۈچ ئايلىق ئارىلىقتا بولۇپ، يالىڭاچ يۈرىدۇ، بىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دېڭىز بار. ئۇلار دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدە ياشايدۇ. بىر-بىرى بىلەن ھايۋاندەك جۈپلىشىدۇ. ھەر كۈنى ئاللا ئۇلار ئۈچۈن دېڭىزدىن بىر بېلىق چىقىرىپ بېرىدۇ. ئۇلار كېلىپ پىچاق بىلەن بۇ بېلىقتىن ئۆزىگە ۋە ئائىلىسىگە يەتكىدەك كېسىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئېھتىياجىدىن ئارتۇق گۆش ئالسا، ئۇنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ قورسىقى ئاغرىيدۇ. بەزىدە ئۇ ئادەم ۋە ئائىلىسىدىكىلەر ھەممىسى ئۆلۈپ كېتىدۇ. ھەر كىم بېلىقتىن ئېھتىياجىغا لايىق گۆشنى ئالغاندىن كېيىن، بېلىق يەنە دېڭىزغا كىرىپ كېتىدۇ. ھەر كۈنى مۇشۇنداق كۈن كەچۈرىدۇ. بىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دېڭىز بار. باشقا تەرەپلىرى بولسا تاغلار بىلەن ئورۇلۇپ تۇرىدۇ. بۇرۇندىن سىرتقا چىقىپ كېلىۋاتقان دەرۋازا بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۈگۈن يەئجۇج ۋە مەئجۇج سېپىلى بارلىققا كەلگەن. ئاللا ئۇلارنىڭ ئادەم بار جايلارغا چىقىشىنى خالىسا، سېپىلنىڭ ئېچىلىشى ئۈچۈن بىر سەۋەبنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. ئارىمىزدىكى دېڭىز قورۇيدۇ ۋە بېلىقلارنىڭ كېلىشى توختايدۇ.»

ئىبنى فەزلان شۇنداق دەيدۇ: بۇ ئادەمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھۆكۈمداردىن سورىدۇم، ھۆكۈمدار: «بىر دەم يېنىمىزدا ئولتۇردى. لېكىن ئۇنى كۆرگەن باللارنىڭ ھەممىسى ئۆلدى، ھامىلدار ئاياللار بالا تاشلىۋەتتى. بىر ئادەمنى تۇتۇۋالسا، ئۇنى ئۆلگىچە سىقىۋالىدىكەن. بۇ ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنى بىر ئېگىز دەرەخقە ئاستىم، ئۇ يەردە ئۆلدى. ئەگەر ئۇستىخانلىرىنى ۋە بېشىنى كۆرمەكچى بولسىڭىز، بىللە بارايلى، كۆرۈڭ» دېدى. «ئەزبىرايى، كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىمەن» دېدىم. ئات مىنىپ يوغان دەرەخلەر بار چوڭ بىر ئورمانغا باردۇق. مېنى بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە ئېلىپ باردى. ئۇ ئادەمنىڭ ئۇستىخانلىرى ۋە باش سۆڭىكى دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئىكەن. بېشىغا قارىدىم. يوغان بىر قازانغا ئوخشايتتى. قوۋۇرغا سۆڭەكلىرى يوغان خورما شاخلىرىدەك ئىدى. قول ۋە پاقالچاق سۆڭەكلىرىمۇ شۇ نىسبەتتە چوڭ ئىدى. ھەيرانلىق ئىچىدە قايتىپ كەلدىم.

ئىبنى فەزلان شۇنداق دەيدۇ: كېيىن ھۆكۈمدار ھاللەجە كۆلى بېشىدىن جەۋشىز (101) دەرياسى بويىغا باردى. بۇ يەردە ئىككى ئايچە ئولتۇرغاندىن كېيىن، كۆچمەكچى بولغاندا، سۇۋار (102) دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەبىلىگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېلىشكە ئەمىر قىلدى. ئۇلار ھۆكۈمدارنىڭ ئەمرىنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇلار ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، بىر قىسمى خەلقنىڭ توپىلاڭچىلىرىغا ئوخشاش ئىدى. ۋىراغ ئىسىملىك بۇ ئادەم ئۇلارنىڭ بېشىغا مەجبۇرىي بەگ بولغان ئىدى. ھۆكۈمدار ئۇلارغا بىر ئادەم ئەۋەتىپ، «ئاللا مېنى ئىسلامىيەتكە ۋە خەلىپىنىڭ ھاكىمىيىتىگە لايىق دەپ تەستىقلىدى، مەن خەلىپىنىڭ خىزمەتكارى، خەلق ھۆكۈمدارلىقنى ماڭا ئۆتكۈزۈپ بەردى، كىم سۆزۈمنى ئاڭلىمىسا، ئۇنىڭ ئالدىغا قىلىچ بىلەن چىقىمەن» دېدى. يەنە بىر قىسمى بولسا ئەسكىل (103) بېگى دەپ تونۇلغان بىر بەگ بىلەن ئوخشاش بولۇپ، تېخى مۇسۇلمان بولمىغان بۇ بەگ بۇلغار ھۆكۈمدارىغا باغلىق ئىدى.

ھۆكۈمدار يۇقىرىدىكى خەۋەرنى ئەۋەتكەندە، ھەر ئىككى قىسمى قورقۇپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە جەۋشىز دەرياسى بويىغا كۆچتى. بۇ دەريا كەڭلىكى بەش گەزچە، چوڭقۇرلۇقى كىندىككە كېلىدىغان، بەزى يەرلىرى مۈرىگە كېلىدىغان بىر ئېقىن بولۇپ، كۆپىنچە يەرلىرى ئادەمنى چۆكۈرەتتى. ئەتراپىدا كۆپ مىقداردا قېيىن دەرىخى ۋە باشقا دەرەخلەر بار ئىدى. بۇ دەرياغا يېقىن جايدا كەڭ بىر بوزدالا بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ يەردە تۆگىدىن كىچىك، ئۆكۈزدىن چوڭ، بېشى تۆگە بېشىغا، قۇيرۇقى ئۆكۈز قۇيرۇقىغا، گەۋدىسى قېچىر گەۋدىسىگە، تۇياقلىرى ئۆكۈز تۇياقلىرىغا ئوخشايدىغان ۋە بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توم ۋە يۇمىلاق، لېكىن ئۇچى ئىنچىكە، تومىلىقى نەيزە ئۇچىچىلىك، يالغۇز بىر تال مۆڭگۈزى بار بىر تۈرلۈك ھايۋان بار ئىكەن (104). بۇ ھايۋاننىڭ مۆڭگۈزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ گەزدىن بەش گەزگىچە بولۇپ، يېشىل يوپۇرماقلارنى يەيدىكەن. بىر ئاتلىقنى كۆرسە ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىدىكەن. ھۇجۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ ئېتى يۈگرۈك بولسا، ناھايىتى تەستە قۇتۇلالايدىكەن، ئۇنداق بولمىغاندا، يېتىشۋېلىپ، موڭگۈزى بىلەن ئۇنى ئېتىنىڭ ئۈستىدىن ئېلىپ ھاۋاغا ئاتىدىكەن، يەرگە چۈشسە يەنە مۆڭگۈزى بىلەن تۇتۇۋالىدىكەن ۋە ئادەمنى ئۆلتۈرگىچە بۇ ھەرىكەتنى تەكرارلايدىكەن. لېكىن ئاتقا ھەرگىز تەگمەيدىكەن. ئۇ يەرنىڭ خەلقى بوز دالا ۋە ئورمانلاردا بۇ ھايۋاننى ئىزدەپ ئوۋلايدىكەن. بۇ ھايۋان بار يەردىكى دەرەخلەرگە يېنىدا زەھەرلىك ئوق بار بىر قانچە مەرگەن چىقىپ، ھايۋان بۇلارنىڭ ئارىسىغا كەلگەندە ئېغىر يارىلانغىچە ۋە ئۆلگىچە ئوق ئاتىدىكەن. ھۆكۈمدارنىڭ يېنىدا قىزىل رەڭلىك ھېقىق تاشقا ئوخشاش بىر نەرسىدىن

ياسالغا ئۈچ تاۋاق كۆردۈم. سورىغىنىمدا، بۇلارنىڭ ھايۋان مۈڭگۈزىدىن ياسالغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ يەردىكى خەلقتىن بىرى ماڭا، ئېتىلغان بۇ ھايۋاننى كەركىدان دېدى.

ئىبنى فەزلان شۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قىزىل يۈزلۈك (ئىككى مەڭزىدە قېنى بار) بىرەر ئادەم كۆرمىدىم. ئەكسىچە، كۆپىنچىسى كېسەلمەن ئىدى. بىر مۇنچىسى قورساق سانجىقى بىلەن ئۆلۈپ كېتىدىكەن. ھەتتا بۇ كېسەل ئەمچەكتىن ئايرىلمىغان باللار ئىچىدىمۇ بولىدىكەن. يېنىدىكى بىر مۇسۇلمان ياكى خارەزىملىك بىرسى ئۆلسە، ئۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنى يۇغاندەك يۇيۇپ - تاراپ، جىنازىسىنى ئالدىدا بىر بايراق قادالغان ھارۋىغا قويۇپ، كۆمىدىغان يەرگە ئېلىپ بارىدىكەن، ئۇيەرگە بارغاندا جىنازىنى ھارۋىدىن ئېلىپ، يەرگە قويىدىكەن. بۇنىڭ ئەتراپىغا سىزىق سىزىپ، كېيىن جىنازىنى سىزىقنىڭ سىرتىغا ئېلىپ، ئاندىن بۇ سىزىقنىڭ ئىچىگە يەرلىك قېزىپ، جەسەتنى كۆمىدىكەن. ئۆز ئۆلۈكلىرىنىمۇ شۇ شەكىلدە كۆمىدىكەن(105).
ئۆلۈكنىڭ كەينىدىن ئاياللار ئەمەس، ئەرلەر يىغلايدىكەن. بىر ئادەم ئۆلگەن كۈنى ئەرلەر كېلىپ، ئۆلگۈچىنىڭ گۈمبەزلىك چېدىرىنىڭ ئىشىكىدە تۇرۇپ، ناھايىتى سەت، ۋەھشىلەرچە ۋارقىراپ يىغلايدىكەن. بۇيىغلىغانلار ھۆر ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار يىغلاپ- بولغاندىن كېيىن، قوللىرىدا تېرىدىن ئۆرۈلگەن قامچا تۇتقان قۇللار كېلىدىكەن، ئۇلارمۇ يىغلاپ، قوللىرىدىكى قامچا بىلەن يانلىرىغا ۋە يالىڭاچ يەرلىرىگە كۆكىرىپ كەتكىچە ئۇرىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆلگۈچىنىڭ چېدىرىنىڭ ئىشىكى ئۈستىگە جەزمەن بىر بايراق تىكىش كېرەك ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆلگۈچىنىڭ قوراللىرىنى ئەكېلىپ، قەبرىنىڭ ئەتراپىغا قويىدىكەن. ئىككى يىلغىچە ماتەم تۇتىدىكەن. ئىككى يىل توشقاندا، چېدىرىنىڭ ئىشىكى ئۈستىدىكى بايراقنى چۈشۈرۈپ، چاچلىرىنى چۈشۈرىدىكەن. ئۆلۈكنىڭ تۇغقانلىرى مېھمان چاقىرىدىكەن. بۇ زىياپەت بىلەن قارىسى ئوشتۇلۇدىكەن. ئۆلگۈچىنىڭ تۇل قالغان خوتۇنى بولسا شۇنىڭدىن كېيىن ئەرگە تېگىدىكەن. خەلق بولسا، ئۆلۈكلىرىگە بۇ مۇراسىملارنىڭ بىر قىسمىنىلا ئۆتكۈزىدىكەن.

بۇلغار ھۆكۈمدارىنىڭ ھەر يىلى ھازار ھۆكۈمدارىغا يۇرتىدىكى ھەر ئۆي بېشىغا بىرقاما جۇۋا باج بېرىش مەجبۇرىيىتى بار ئىكەن. ھازارلار مەملىكىتىدىن بۇلغار مەملىكىتىگە بىر سودا كېمىسى كەلسە، ھۆكۈمدار كېمىگە كىرىپ، ئىچىدىكى ئەشيالارنى ساناپ، ئۇندىن بىرىنى چېكرا بېجى دەپ ئالىدىكەن. رۇسلارغا ۋە باشقا مىللەتلەرگە مەنسۇپ سودىگەرلەر سېتىش ئۈچۈن قۇل ئەپكەلسە، ھۆكۈمدار ھەر ئوندىن بىرىنى ئېلىپ قالىدىكەن (106).

بۇلغار ھۆكۈمدارىنىڭ ئوغلى ھازار ھۆكۈمدارىغا تۇرغاق ئىكەن. بىر كۈنى ھازار ھۆكۈمدارى بۇلغار ھۆكۈمدارىنىڭ ناھايىتى چىرايلىق بىر قىزى بارلىقىنى ئاڭلاپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىغا قىزىنى سوراپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ھۆكۈمدار بۇنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە دائىر سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغاندا، قىز مۇسۇل-مان، ئۆزى يەھۇدى، تۇرۇقلۇق ھازار ھۆكۈمدارى قىزنى مەجبۇرىي ئاپتۇ. قىز ئۇنىڭ ئەمرىدە تۇرۇپ ئۆلۈپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمدارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، يەنە بىر قىزىنى سوراپتۇ. ھۆكۈمدار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، بۇ قىزىنىمۇ مەجبۇرىي ئېلىشتىن قورقۇپ، دەرھال ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەسكىل بېگى بىلەن تويىنى قىلىۋېتىپتۇ. بۇلغار ھۆكۈمدارىنى خەلىپىگە مەكتۇپ يېزىشقا ۋە ئۇنىڭدىن بىر قەلئە ياسىتىشنى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر قىلغان نەرسىمۇ ھازار ھۆكۈمدارىدىن قورققانلىقىدىن بولغان ئىكەن.

ئىبنى فەزلان دەيدۇكى، بىر كۈنى ھۆكۈمدارغا «مەملىكىتىڭلار كەڭ، بايلىقىڭلار مول، ئالىدىغان باجلىرىڭلار كۆپ تۇرۇغلۇق، بىر قەلئە ياسىتىش ئۈچۈن يەنە نېمە ئۈچۈن خەلىپىدىن ئەرزىمەس مىقداردا پۇل ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدىڭىز؟» دېدىم. ئۇ: «خەلىپىلەرنىڭ دۆلىتىنىڭ بەختى ئۇچۇق ئىكەنلىكىنى، باجلارنىڭ ھالال ئېلىنغانلىقىنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن بۇ تەشەببۇسنى قىلدىم. مەن ئۆز بايلىقىم بىلەن ئالتۇندىن ياكى كۈمۈشتىن بىر قەلئە ياساتسامۇ قىينالمايمەن. خەلىپىنىڭ بايلىقىنىڭ بەخت كەلتۈرۈشىنى ئارزۇ قىلىپ، ئۇنىڭدىن بۇ پۇلنى سورىدىم» دېدى.

## رۇسلار (107)

ئىبنى فەزلان شۇنداق دەيدۇ: تىجارەت ئۈچۈن ئېدىل دەرياسى بويىدىكى يەرمەنكىگە (بازارغا) (108) كەلگەن رۇسلارنى كۆردۈم. ئۇلاردىن بەستلىك ئادەملەرنى كۆرمىگەن ئىدىم. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر خورما دەرىخىدەك ئېگىز، سېرىق ۋە ساغلام ئادەملەر ئىدى. يا كۆينەك، يا تون كىيمەيدىكەن. ئەرلىرى بەدىنىنىڭ بىر قىسمىنى پۈتۈنلەي ياپقان ۋە بىر قولى سىرتتا ئوچۇق تۇرىدىغان بىر خىل كىيىم كىيىدىكەن (109). ھەممىسى يېنىدا بىر پالتا، بىر قىلىچ ۋە بىر پىچاق ئېلىپ يۈرىدىكەن (110). بۇلارنى ھېچقاچان يېنىدىن ئايرىمايدىكەن. قىلىچلىرى كەڭ بىسلىق، ياۋروپا قىلىچلىرىغا ئوخشايدىكەن. تىرناقلىرىنىڭ ئۇچىدىن بويىنىغىچە پۈتۈن ئەزايى دەرەخنىڭ كۆك نۇتىسى بىلەن كۆيدۈرۈپ چىقىرىلغان نەقىشلەر ۋە باشقا رەسىملەر بىلەن تولغان (111).

ئاياللار ئەمچەكلىرىنىڭ ئۈستىگە ئېرىنىڭ بايلىقى ۋە مەۋقەسىگە قاراپ تۆمۈر، كۈمۈش، مىس ياكى ئالتۇن قاپچۇق باغلايدىكەن. ھەر قاپچۇقنىڭ ئىچىدە بىر ھالقا، ھالقىنىڭ ئىچىدە ئەمچەككە باغلانغان بىر پىچاق بولىدىكەن (112). ئۇنىڭدىن باشقا، بويۇنلىرىغا ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن گالمۇنچاق ئاسىدىكەن. چۈنكى رۇسلاردىن ھەر ئادەم 10 مىڭ دىرھەمگە ئىگە بولسا، خوتۇنىغا بىر گالمۇنچاق ئېلىپ بېرىدىكەن. 20 مىڭ دىرھەمگە ئىگە بولسا، ئىككى گالمۇنچاق ئېلىپ بېرىدىكەن. مانا شۇنداق ھەر 10 مىڭ دىرھەم تاپقاندا بىر گالمۇنچاق ئېلىپ بېرىۋېرىدىكەن (113). بەزىدە بىر خوتۇنىنىڭ بوينىدا ناھايىتى كۆپ گالمۇنچاق بولىدىكەن.

ئەڭ قەدىرلەيدىغان زىننەت بويۇمى كېمىلەردە سېتىلىدىغان ساپالدىن ياسالغان يېشىل ۋە كۆك مارجانلار بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ پۇل خەجلەيدىكەن. ئەرلەر بۇ مارجانلارنىڭ دانىسىنى بىر دىرھەمگە سېتىۋېلىپ، خوتۇنلىرىغا گالمۇنچاق قىلىپ بېرىدىكەن.

رۇسلار ئاللانىڭ ئەڭ ناپاك مەخلۇقلىرى بولۇپ، چوڭ - كىچىك تەرەتتىن كېيىن پاكىزلانمايدىكەن. جۇنۇبلۇقتىن يۇيۇنمايدىكەن. تاماقتىن كېيىن قول يۇمايدىكەن. ئادەتتە يولدىن ئاداشقان ئېشەكلەردەك ئىكەن. مەملىكەتلىرىدىن كەلگەندە چوڭ بىر دەريا بولغان ئېدىل دەرياسىدا كېمىلىرىنى باغلاپ، دەريانىڭ بويىغا ياغاچتىن چوڭ ئۆيلەرنى ياسايدىكەن. ھەر ئۆيدە ئون - يىگىرمە كىشى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ياكى ئاز كىشى گۇرۇپپا بولۇپ تۇرىدىكەن. ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئولتۇرىدىغان دىۋانلىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ساتقىلى ئەكەلگەن چىرايلىق چۆرە قىزلار بىلەن ئولتۇرىدىكەن. بەزىدە، ئۇلاردىن بىرى بۇرادەرلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا چۆرە قىزى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىۋېرىدىكەن...

ھەر كۈنى بىر قېتىم يۈز - كۆزىنى ئەڭ پاسكىنا، ئەڭ ناچار سۇ بىلەن يۇيۇش ئۇلارنىڭ ئادىتى ئىكەن. ھەر ئەتىگەنلىكى بىر چۆرە قىز چوڭ بىر قاچىدا سۇ ئەكېلىپ خوجايىنىنىڭ ئالدىغا قويىدىكەن، خوجايىنى بۇ قاچىنىڭ ئىچىدە باش - كۆزىنى يۇيۇپ، چاچلىرىنى تارايدىكەن، كېيىن سۇغا مىشقىرىپ، تۈكۈرىدىكەن. يەنى سۇغا تاشلىمايدىغان مەينەتچىلىك قالمايدىكەن. ئىشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، چۆرە قىز سۇ قاچىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭ يېنىدىكىگە ئاپىرىدىكەن، بۇ ئادەممۇ بۇرادىرىدەك قىلىدىكەن. چۆرە قىز بۇ سۇنى بىرىدىن ئېلىپ، بىرىگە قويۇپ، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئايلاندۇرۇپ چىقىدىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى قاچىنىڭ ئىچىدە باش - كۆزىنى يۇيۇپ، ئىچىگە تۈكۈرۈپ، مىشقىرىدىكەن.

كېمىلىرى پىرىستانغا كەلگەندە، ھەر بىرى قولىدا بىر ئازدىن نان، گۆش، پىياز، سۈت ۋە نەبىز (شاراپ) (114) بىلەن كېمىدىن قۇرۇقلۇققا چىقىدىدىكەن. كېيىن ئادەم يۈزىگە ئوخشاش يوغان يۈزلۈك، ئەتراپىدا كىچىك سۈرەتلەر ۋە بۇ سۈرەتلەرنىڭ كەينىدە ئۇزۇن كۆتەكلەر بار يەرگە تىكلىگەن بىر كۆتەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بۇ يوغان سۈرەتنىڭ ئالدىدا سەجدە قىلىدىكەن. كېيىن «ئەي رەببىم! مەن ئۇزاق بىر مەملىكەتتىن كەلدىم، يېنىمدا شۇنچە كۆپ چۆرە قىز ۋە شۇنچە قاما جۇۋا بار» دەيدىكەن. ئېلىپ كەلگەن پۈتۈن ماللىرىنى سانىغاندىن كېيىن، «ساڭا ھەدىيە ئەپكەلدىم» دەپ يېنىدىكى ھەدىيەلەرنى (يېمەكلىكلەرنى) بۇ سۈرەتنىڭ ئالدىغا قويۇپ، «سەندىن تىلەيدىغىنىم، بۇ ماللارنى خالىغىنىمچە باھادا ئالىدىغان، نېمە دېسەم ماقۇل دەيدىغان، ئالتۇن - كۈمۈش پۇللىرى كۆپ سودىگەرلەرنى نېسىپ قىلغايسەن» دېگەندىن كېيىن چىقىپ كېتىدىكەن.

ئەگەر مېلى سېتىلمىسا ۋە ئۇزۇن تۇرۇپ قالسا، ئىككىنچى ھەدىيەنى، يەنە بولمىسا، ئۈچىنچى ھەدىيەنى قويىدىكەن. بۇ قېتىممۇ ساتالمىسا، كىچىك سۈرەتلەرنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن ھەدىيە تەقدىم قىلىپ، ئۇلاردىن شاپائەت تىلەيدىكەن. «بۇلار رەببىمنىڭ خوتۇن، قىز، ئوغۇللىرى» دەپ ھەر بىر سۈرەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا شاپائەت تىلەپ يالۋۇرىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، بەزىدە مېلىنى سېتىش ئىمكانىيىتى چىقىپ، سېتىلىپ قالسا، «رەببىم تەلىپىمنى ئورۇندىدى، ئۇنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇشۇم كېرەك» دەپ، بىرمۇنچە قوي ۋە ئۆكۈز قۇربان قىلىپ، گۆشلىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە قىلىپ تارقاتقاندىن كېيىن، قالغىنىنى چوڭ كۆتەك بىلەن ئەتراپىدىكى كىچىك كۆتەكلەرنىڭ ئالدىغا قويىدىكەن، قوي - ئۆكۈزلەرنىڭ باشلىرىنى بۇ كۆتەكلەرگە ئاسىدىكەن (115). كېچىسى ئىتلار كېلىپ بۇ گۆشلەرنىڭ ھەممىسىنى يەپ كېتىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن قۇربانلارنى تەقدىم قىلغان شەخسى «رەببىم مەندىن رازى بولدى، ھەدىيەلىرىمنى يېدى» دەيدىكەن.

بىرسى كېسەل بولۇپ قالسا، ئولتۇرغان يېرىدىن يىراقتا بىر چېدىر تىكىپ، كېسەلنى چېدىرغا ئاپىرىۋېتىدىكەن. يېنىغا بىر ئاز نان بىلەن سۇ قويۇپ قويىدىكەن، ئۇنىڭغا يېقىنلاشمايدىكەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن گەپ قىلىشمايدىكەن. ھەتتا پۈتۈنلەي ئالاقىلاشمايدىكەن (116). بولۇپمۇ ئىگە - چاقىسىز، قۇل - چاكار بولسا، ئۇنى پۈتۈنلەي تاشلىۋېتىدىكەن. كېسەل ئۆزلۈكىدىن ساقىيىپ قايتىپ كەلسە ياخشى. ساقايماي ئۆلۈپ كەتسە، جەسىتىنى كۆيدۈرۈۋېتىدىكەن (117). قۇللار ئۆلسە، جەسىتىنى ئۆز پېتى تاشلىۋېتىدىكەن، ئىتلار ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلار كېلىپ يەپ كېتىدىكەن.

ئوغرىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق قىلغان ئادەمنى تۇتۇۋالسا، ئېگىز ۋە يوغان دەرەخنىڭ تۆۋىگە ئەكېلىپ، بوينىنى پىششىق بىر ئارغامچا بىلەن باغلىغاندىن كېيىن، دەرەخكە ئاسىدىكەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بوران-چاپقۇندا ئارغامچا ئۈزۈلۈپ كەتكىچە دەرەختە ئېسىقلىق تۇرىدىكەن.

مەن رۇسلارنىڭ چوڭلىرى ئۆلگەندە ئۆلۈك كۆيدۈرۈش مۇراسىملىرىنىڭ كۆپ ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. بۇنى كۆرۈشنى ناھايىتى ئارزۇ قىلاتتىم. بىر قېتىم ئۇلاردىن چوڭ بىر ئادەمنىڭ ئۆلگىنىنى ئاڭلىدىم. ئۆلۈكنى قەبرىگە قويۇپ، ئۈستىنى ئۆي ياپقاندەك ياپتى. كىيىم-كېچەكلىرىنى كېسىپ تىككىچە ئون كۈن شۇنداق تۇردى. ئۇلارنىڭ ئادىتىدە ئۆلگۈچى كەمبەغەل بولسا، بىر قېيىق ياساپ، ئۇنىڭ ئىچىگە قويۇپ كۆيدۈرىدىكەن (118). باي بولسا، بايلىقىنى توپلاپ ئۈچ قىسىمغا ئايرىپ، ئۈچتىن بىرىنى ئائىلىسىگە قالدۇرىدىكەن. ئۈچتىن بىرى بىلەن ئۇنىڭغا كىيىم-كېچەك تىكىدىكەن. قالغان ئۈچتىن بىرىگە نەبىز (شاراپ) ئېلىپ، ئۆلگۈچىنىڭ چۆرە قىزى ئۆزىنى ئۆلتۈرگەن ۋە خوجايىنى بىلەن كۆيدۈرۈلگەن كۈنى ئىچىدىكەن. رۇسلار شارابقا بەك بېرىلگەن بولۇپ، كېچە-كۈندۈز توختىماي ئىچىدىكەن. بەزىدە قولىدا قەدەھ تۇتقان ھالدا ئۆلگەنلىرىمۇ ئۇچراپ تۇرىدىكەن (119). باشلىقلىرىدىن بىرى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئائىلىسى چۆرە قىز ۋە قۇللىرىدىن «قايسىڭلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلۈشنى خالايسىلەر؟» دەپ سورايدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى «مەن» دەيدىكەن. بۇنى دېگەندىن كېيىن يېنىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. يېنىۋالسىمۇ قويۇپ بەرمەيدىكەن. خوجايىنى بىلەن ئۆلۈشنى خالىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى چۆرە قىزلار ئىكەن (120).

ھېلىقى ئادەم ئۆلگەندە، چۆرە قىزلاردىن «قايسىڭلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلۈشنى خالايسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلاردىن بىرى «مەن» دېدى. ئۇلارنى قوغداش ۋە نەگە بارسا يېنىدا بىللە بولۇشنى ئىككى ياش قىزغا ۋەزىپە قىلدى. بۇ قىزلار بەزىدە ئۇنىڭ ئاياغلىرىنى يۇيۇپ قوياتتى (121). شۇ ئارىدا جىنازا مۇراسىمى ئۈچۈن تەييارلىقلار قىلىنىۋاتاتتى. بىر تەرەپتىن ئۆلۈكنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى تىكىلىۋاتاتتى. چۆرە قىز بولسا ھەر كۈنى شاراپ ئىچىپ، خۇشال-خۇرام ناخشا ئېيتاتتى.

ھالبۇكى، ئۆلگۈچىنىڭ ۋە چۆرە قىزنىڭ كۆيدۈرۈلىدىغان كۈنى كەلدى. ئۆلۈك كۆيدۈرۈلىدىغان كېمە بار دەرياغا باردىم. نېمە كۆردۈك دېمەمسىز! كېمە دەريادىن چىقىرىلىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن قېيىن ياغىچى ۋە باشقا ياغاچلاردىن تۆت چوڭ تۈۋرۈك ئورنىتىلىپتۇ. بۇلارنىڭ ئەتراپىغا ياغاچتىن چوڭ بىر پىرىستانغا ئوخشاش

بىر نەرسە ياسىلىپتۇ. كېيىنى بۇ تۆۋرۈكلەرنىڭ ۋە پىرىستانىنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ، كېيىن ئۆياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرۈشكە، مەن چۈشەنمەيدىغان بەزى نەرسىلەرنى دېيىشكە باشلىدى. ئۆلۈكنى تېخى قەبرىدىن چىقارمىغان ئىدى. كېيىن بىر تەخت ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى گۈمبەزلىك چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويدى. ئۈستىگە رۇمنىڭ يىپەك رەختىدىن ئورۇن-كۆرپە ۋە ياستۇقلار قويدى. ئاندىن كېيىن «ئۆلۈم پەرىشتىسى» (122) دېيىلگەن بىر ياشانغان خوتۇن كەلدى. ھېلىقى ئورۇن - كۆرپە ۋە ياستۇقلارنى تەختنىڭ ئۈستىگە سالدى. ئۆلۈك ئۈچۈن كىيىم - كېچەك لەرنى تەييارلىغان، خوجايىنى بىلەن كۆيدۈرۈلىدىغان چۆرە قىزنى ئۆلتۈرى- دىغان مۇشۇ خوتۇن بولۇپ، جانلىق، ساغلام، ھەرىكەتچان، چىرايى سۈرلۈك بىر خوتۇن ئىدى.

بۇنىڭدىن كېيىن ئۆلۈكنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ، ئۈستىدىكى تۇپا ۋە ياغاچلارنى ئېچىپ، ئۆلۈكنى كىيىم - كېچەكلىرى بىلەن چىقاردى. بۇ يەرنىڭ سوغۇقلۇقىدىن جەسەتنىڭ كۆكىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. قەبرىگە ئۆلۈك بىلەن بىللە شاراپ، مېۋە ۋە بىر تەمبۇر قويۇلغان ئىدى. بۇلارنىمۇ گۆردىن چىقاردى. جەسەت تېخى بۇزۇلمىغان، رەڭگى ئۆزگەرمىگەن ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۆلۈككە شالۋۇر، ئۆتۈك، مەسە، ئىچ كىيىم ۋە گۈللۈك يىپەك تون كىيگۈزدى، تونىنىڭ پېشىگىچە تۈگمىسى بار ئىدى. بېشىغا قاما قۇلاقچا كىي- گۈزگەندىن كېيىن، جەسەتنى ئېلىپ كېمىدىكى گۈمبەزلىك چېدىرنىڭ ئىچىگە ئەپ- كىرىپ، تەختنىڭ ئۈستىدىكى ئورۇن-كۆرپىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى. ياستۇقلارنى يۆلىدى. شاراپ، مېۋە ۋە گۈل ئېلىپ كېلىپ يېنىغا قويدى. ئۇنىڭدىن باشقا، نان، گۆش ۋە پىياز ئېلىپ كېلىپ (123)، ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. كېيىن بىر ئىت ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىمۇ ئىككىگە پارچىلاپ، كېمىگە تاشلىدى. ئاندىن كېيىن ئۆلۈكنىڭ بارلىق قوراللىرىنى ئېلىپ كېلىپ يېنىغا قويدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئىككى ئات ئەپكەلدى، بۇلارنى تەرلىگىچە چاپتۇرغاندىن كېيىن، قىلىچ بىلەن چېپىپ، گۆشىنى كېمىگە تاشلىدى. ئاندىن كېيىن ئىككى سېيىر ئەپكەلدى. ئۇلارنىمۇ قىلىچ بىلەن پارچىلىغاندىن كېيىن، كېمىگە تاشلىدى. ئاندىن كېيىن بىر خوراز بىلەن بىر مېكىيان ئەپكەلدى، ئۇلارنىمۇ ئۆلتۈرۈپ كېمىگە تاشلىدى.

ئۆلتۈرۈلىدىغان چۆرە قىزلار نۆۋەتتە بىلەن گۈمبەزلىك چېدىرلارغا كى- رەتتى. چېدىرنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا: «خوجايىنىڭغا ئېيت، بۇنى سېنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن قىلدىم» دېدى (124).

ھالبۇكى، جۈمە كۈنى ناماز ئەسىر بولغاندا، چۆرە قىزنى ئىشىك كېشىكىگە ئوخشاش ياسالغان بىر نەرسىنىڭ يېنىغا ئەپكەلدى (125). چۆرە قىز ئاياغلىرى بىلەن ئادەملەرنىڭ ئالقىنىغا دەسسەپ، يۇقىرىدىن بۇ كېشەكنىڭ ئىچىگە ئېگىلدى، بىر نېمىلەرنى دېدى، كېيىن ئۇنى يەرگە چۈشۈرۈپ قايتا ئالقانلىرىنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ، بىرىنچى قېتىملىق ھەرىكەتنى تەكرارلىدى. كېيىن يەنە چۈشۈرۈپ، ئۈچىنچى قېتىم ئالقىنىنىڭ ئۈستىگە چىقاردى. يەنە يۇقىرىقىدەك قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا بىر مېكىيان بەردى. مېكىياننىڭ بېشىنى كېسىپ تاشلىدى. كىشىلەر مېكىياننى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ كېمىنىڭ ئىچىگە تاشلىدى.

تەرجىماندىن چۆرە قىزنىڭ نېمە قىلغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ: « بىرىنچى قېتىم كۆتەرگەندە، ھازىر ئانامنى ۋە دادامنى كۆردۈم، دېدى، ئىككىنچى قېتىمدا، ئەمدى ئۆلگەن پۈتۈن ئۇرۇق - جەمەتىمنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم، (126) دېدى؛ ئۈچىنچى قېتىمدا، ئەمدى خوجايىنىمنى جەننەتتە كۆرۈۋاتىمەن، جەننەت يېشىللىككە ئورالغان گۈزەل بىر يەر ئىكەن (127)، خوجايىنىمنىڭ يېنىدا ئادەملەر ۋە ئەر خىزمەتچىلەر بار ئىكەن، مېنى يېنىغا چاقىرىۋاتىدۇ، مېنى ئۇنىڭ يېنىغا ئاپىرىڭلار، دەۋاتىدۇ » دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، چۆرە قىزنى كېمىگە ئېلىپ باردى، قوللىرىدىكى ئىككى بىلەيزۈكنى چىقىرىۋېلىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئۆلۈم پەرىشتىسىگە بەردى. ئىككى ئايىغىدىكى ئىككى بىلەيزۈكنىمۇ چىقىرىۋېلىپ، خىزمىتىنى قىلغان ئىككى قىزغا بەردى. بۇ ئىككى قىز ئۆلۈم پەرىشتىسى دەپ ئاتىلىدىغان خوتۇننىڭ قىزلىرى ئىكەن. كېيىن چۆرە قىزنى كېمىگە چىقاردى، لېكىن گۈمبەزلىك چېدىرغا كىرگۈزمىدى. بۇجەرياندا قوللىرىدا كالتەك ۋە قالقان تۇتقان بەزى ئادەملەر كېلىپ، چۆرە قىزغا بىر قەدەھتە شاراپ سۇندى. بۇنى قولىغا ئېلىپ، ناخشا ئېيتقاندىن كېيىن ئىچتى. تەرجىمان ماڭا: «بۇنىڭ بىلەن دوستلىرى بىلەن خوشلىشىۋاتىدۇ» (128) دېدى. كېيىن ئۇنىڭغا يەنە بىر قەدەھ بەردى، قەدەھنى قولىغا ئېلىپ، بۇ قېتىم ناخشىنى ئۇزارتتى. ياشانغان خوتۇن (ئۆلۈم پەرىشتىسى) ئۇنى قەدەھتىكى ئىچىملىكنى ئىچىشكە ۋە خوجايىنى بار گۈمبەزلىك چېدىرغا كىرىشكە دەۋەت قىلىشىۋاتاتتى. چۆرە قىزنىڭ جاندىن كەچكەن، خاپا ھالەتتە تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. چېدىرغا كىرىشكە رازى بولۇپ، بېشىنى چېدىر بىلەن كېمە ئارىسىغا سوزدى. ياشانغان خوتۇن دەرھال بېشىدىن تۇتۇپ چېدىرغا تارتتى، ئۆزىمۇ چۆرە قىز بىلەن بىللە ئىچكىرىگە كىردى. بۇنىڭ بىلەن چۆرە قىزنىڭ ۋارقىراشلىرى ئاڭلاندى. باشقا چۆرە قىزلار قورقۇپ كەتمىسۇن ۋە بۇنىڭدىن كېيىن خوجايىنلىرى بىلەن بىللە ئۆلۈش-

تىن باش تارتمىسۇن دەپ، ئادەملەر قوللىرىدىكى كالتەكلەرنى قالقانلارغا ئۇرۇشقا
باشلىدى (129). كېيىن چېدىرغا ئالتە ئادەم كىردى. ھەممىسى چۆرە قىز بىلەن
جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى خوجايىنىنىڭ يېنىغا ياتقۇزدى. بۇلاردىن
ئىككىسى چۆرە قىزنىڭ پۇتىدىن، ئىككىسى قولىدىن تۇتتى. ئۆلۈم پەرىشتىسى
دېگەن خوتۇن چۆرە قىزنىڭ بوينىنى بىر يىپ بىلەن باغلاپ، ئىككى ئۇچىنى ئىككى
قاۋۇل ئادەمگە تۇتقۇزدى. ئاندىن كەڭ بىسلىق بىر خەنجەرنى قولىغا ئېلىپ،
چۆرە قىزنىڭ قوۋۇرغا سۆڭەكلىرى ئارىسىغا تىقىپ تارتىۋالدى. بىر تەرەپتىن
ھېلىقى ئىككى ئادەم يىپنىڭ ئىككى ئۇچىنى تارتىپ بوغدى. چۆرە قىز ئۆلدى.
كېيىن ئۆلۈكنىڭ ئەڭ يېقىن ئەر تۇغقىنى (130) كېلىپ، قولىغا بىر تاياق ئېلىپ
ئۇنى تۇتاشتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆلۈكتىن كەينىگە بۇرۇلۇپ، كېمىگە قاراپ
ماڭدى. كېمىگە كەينىنى قىلىپ، ئادەملەرگە قارايتتى. بىر قولى بىلەن كۆيۈۋاتقان
تاياقنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن يالىڭاچ ئۇچىسىنى ياپاتتى. ھالبۇكى،
ئۆلتۈرۈلگەن چۆرە قىز خوجايىنىنىڭ يېنىغا قويۇلغاندىن كېيىن، كېمىنىڭ تېگىدە
ھازىرلانغان ئوتۇنلار تۇتاشتۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئادەملەر قوللىرىدا بىردىن
ئۇچى كۆيۈۋاتقان كالتەكنى تۇتۇپ، ئوتۇن ۋە كۆتەكلەرنى ئېلىپ كېلىپ، كېمىنىڭ
ئاستىغا تاشلاشقا باشلىدى. ئاۋۋال ئوتۇن، كېيىن كېمە، ئاندىن كېيىن گۈمبەزلىك
چېدىر، ئۆلگۈچى ۋە چۆرە قىز قاتارلىق نەرسىلەر تۇتۇشۇپ كۆيۈشكە باشلىدى.
كەينىدىن قاتتىق بوران چىقىپ ئوت يالقۇنلىرى كۆيۈشكە باشلىدى. يېنىمدا رۇسلار-
دىن بىر ئادەم بار ئىدى. يېنىمدىكى تەرجىمانغا بىر نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى
ئاڭلىدىم. تەرجىماندىن نېمە دېگەنلىكىنى سورىدىم. تەرجىمان: «سىلەر ئەرەبلەر ئاخ-
ماق كېلىسىلەر دەيدۇ» دېدى. «قانداق؟» دېدىم. رۇس: «سىلەر ئەڭ ياخشى
كۆرگەن ۋە ئەڭ ئەھمىيەت بەرگەن بىر ئادەمنى تۇپىغا كۆمۈۋېتىپسىلەر، ئۇنى
تۇپراق، ھاشارەت ۋە قۇرۇت-قوڭغۇزلار يەيدۇ. بىز بولساق بۇنداق بىر ئادەمنى
ئۆز ۋاقتىدا كۆيدۈرىمىز، شۇ ھامان جەننەتكە كىرىدۇ» دېدى، كېيىن قاقاقلاپ
كۈلۈشكە باشلىدى. نېمە ئۈچۈن كۈلگەنلىكىنى سورىدىم. ئۇ: «رەببى ئۇنى ناھا-
يىتى ياخشى كۆرگەچكە، ئۆز ۋاقتىدا يېنىغا ئېلىش ئۈچۈن بوران چىقاردى» (131)
دېدى. ھەقىقەتەن بىر سائەت ئۆتمەستىن كېمە، ئوتۇن، چۆرە قىز ۋە خوجايىنى —
ھەممىسى كۆيۈپ كۈل بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن دەريادىن چىقارغان كېمىنىڭ
ئورنىغا يۇمىلاق تۇماققا ئوخشاش بىر نەرسە ياساپ، ئوتتۇرىسىغا قېيىن ياغىچىدىن
چوڭ بىر تىرەك تىكىپ، ئۈستىگە ئۆلگەن ئادەمنىڭ ۋە رۇس ھۆكۈمدارىنىڭ ئىس-
مىنى يازغاندىن كېيىن ئېلىپ كېتىشتى.

ئىبنى فەزلان شۇنداق دەيدۇ: رۇس ھۆكۈمدارىنىڭ ئادەتلىرىدىن بىرى، ئۇ باتۇر ۋە ئىشەنچلىك ئادەملىرىدىن تۆت يۈز كىشىنى سارىيىدا تۇرغۇزالايدىكەن. بۇلار ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۆلۈشتىن، ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشتىن باش تارتمايدىكەن. ھەر بىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان، بېشىنى يۇيىدىغان، يېمەك - ئىچمىكىنى تەييارلايدىغان بىر چۆرە قىزى، ئۇنىڭدىن باشقا، جىنسىي ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان باشقا بىر چۆرە قىزى بولىدىكەن. بۇ تۆت يۈز كىشى ھۆكۈمدارنىڭ تەختىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرىدىكەن. تەختى يوغان ئىكەن، ئىنتايىن قىممەتلىك زىبۇ-زىننەتلەر بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، تەختنىڭ ئۈستىدە ھۆكۈمدار بىلەن بىر ئۆيدە بولىدىغان قىرىق كېنىزەك ئولتۇرىدىكەن. ھۆكۈمدار بەزىدە بۇلاردىن بىرى بىلەن تەختنىڭ ئۈستىدە ھېلىقى ئادەملىرىنىڭ ھۇزۇرىدا جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇۋېرىدىكەن. تەرىتى قىستىسا، بىر جاۋۇر ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە قىلىدىكەن. ئېتىغا مىنمەكچى بولسا، ئاتنى تەختنىڭ يېنىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا تەختنىڭ ئۈستىدىن مىنىدىكەن. ئاتتىن چۈشمەكچى بولسا، ئاتنى تەختنىڭ يېنىغا كەلتۈرۈپ، تەختنىڭ ئۈستىگە چۈشىدىكەن. ھۆكۈمدارنىڭ ھەربىي قوشۇننى ئىدارە قىلىدىغان، دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغان ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان خەلىپىسى (ۋەكىلى) بار ئىكەن (132).

## ھازارلار (133)

ھازارلارنىڭ ھۆكۈمدارىنى خاقان دەيدىكەن. ئۇ تۆت ئايدا بىر قېتىم ساياھەت بىلەن سىرتقا چىقىدىكەن (134). بۇنى ئۇلۇغ خاقان، ۋەكىلىنى بولسا خاقان بەگ دەيدىكەن (135). ھەربىي قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىدىغان، مەملىكەتنىڭ ئىشلىرىنى يۈرگۈزىدىغان، خەلق ئارىسىغا چىقىدىغان ۋە ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغان خاقان بەگ ئىكەن. ئەتراپتىكى ھۆكۈمدارلار مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئالىدىكەن①. ھەر كۈنى كىچىك يېپىنچىلىق بىلەن، داۋراڭسىز، يالىڭاياق، قولىغا بىر تاياق تۇتقان ھالدا چوڭ خاقاننىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ سالام بەرگەندە، ئۇنىڭ ئالدىدا بۇ تاياقنى كۆيدۈرۈپ، ئاندىن خاقاننىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ تەختنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدىكەن. خاقان بەگكىمۇ كۈندۈر خاقان (136) دېگەن بىرى ۋەكىللىك قىلىدىكەن. كۈندۈر خاقانغا بولسا جاۋشىگىر (137) دېگەن بىر ئادەم ۋەكىللىك قىلىدىكەن.

---

① مەشھەد نۇسخىسى مۇشۇ يەردە ئاياغلىشىدۇ. ئەسەرنى نەشر قىلغۇچىلار بۇنىڭدىن كېيىنكى قىسمىنى ياقۇتنىڭ «ھازار» ماددىسىدىن ئالغان.

ئۇلۇغ خاقان ئادەتتە خەلقنى يىغىپ مەجلىس قىلمايدىكەن. ئۇلارغا نۇتۇق سۆزلىمەيدىكەن. يۇقىرىقى كىشىلەردىن باشقىسى ئۇنىڭ ھوزۇرىغا كىرەلمەيدىكەن. كېلىشىم تۈزۈش، ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، جازالارنى ئىجرا قىلىش، مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ۋەھاكازالار خاقان بەگنىڭ ۋەزىپىسى ئىكەن.

ئادەت بويىچە، چوڭ خاقان ئۆلسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن يىگىرمە ئېغىز ئۆيلۈك چوڭ بىر ساراي سېلىپ، ئۆيلەرنىڭ ھەر بىرىدە ئۇنىڭغا بىر يەرلىك قېزىلىدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن تاشلار سۇرمە ھالىغا كەلگىچە سوقۇلۇپ، قەبرىنىڭ ئىچى بۇنىڭ بىلەن سۇۋۇلىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستى ئۆچۈرۈلمىگەن ھاك بىلەن ئاقلىنىدىكەن. ئۆينىڭ تېگىدىن ئاققان چوڭ بىر دەريا (138) بار ئىكەن. «شەيتان، ئادەم، قۇرۇت-قوڭغۇزلار ئۇنىڭغا تېگەلمىسۇن» دەپ، دەريانى بۇ قەبرىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتىدىغان قىلىپ ياسايدىكەن.

خاقان كۆمۈلگەندىن كېيىن، قەبرىنىڭ قايسى ئۆيدە ئىكەنلىكىنى بىلمىسۇن دەپ، جىنازىسىنى كۆمگەن كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى ئالىدىكەن. ئۇنىڭ مازىرىنى «جەننەت» دەيدىكەن. مازارغا كۆمۈلگەندە «جەننەتكە كىردى» دەيدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، پۈتۈن ئۆيلەر ئالتۇن ئارىلاش يىپ بىلەن توقۇلغان يىپەك رەخت بىلەن بېزىلىدىكەن.

مازار خاقانىنىڭ ئادەتلىرىدىن بىرى، سارىيىدا ھەر دائىم يىگىرمە بەش خوتۇن تۇرىدىكەن. بۇلارنىڭ ھەر بىرى قوشنا مەملىكەتلەر ھۆكۈمدارلىرىنىڭ قىزى بولۇپ، بەزىلىرىنى رازىلىقى بىلەن، بەزىلىرىنى مەجبۇرىي ئالغان ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا نىكاھسىز، ئاجايىپ گۈزەل چۆرە قىزدىن 60 ى بار ئىكەن. ھۆر ۋە چۆرە قىزلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئايرىم قەسىر، ساج ياغىچى① بىلەن ياسالغان گۈمبەزلىك چېدىرى بار ئىكەن. ھەر بىر چېدىرنىڭ يېنىدا باشقا بىر ئاددىي چېدىر بولۇپ، بۇنىڭدا ھەر بىر چۆرە قىزنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان بىر خادىم بولىدىكەن. خاقان بۇ چۆرە قىزلاردىن بىرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولماقچى بولسا، ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان خادىمغا خەۋەر قىلىدىكەن. بۇ خادىم كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە چۆرە قىزنى يېنىغا ئېلىپ كېلىپ، گۈمبەزلىك چېدىرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا كۈتۈپ تۇرىدىكەن. خاقان ئىشنى پۈتتۈرگەندە، چۆرە قىزنىڭ قولىدىن يېتەكلەپ دەرھال گۈمبەزلىك چېدىرىغا ئېلىپ كېتىدىكەن.

ئۇلۇغ خاقان ئېتىغا مىنىپ، قول ئاستىدىكىلەر بىلەن بىر يەرگە ماڭسا، باشقا ئەسكەرلەرمۇ ئاتلىرىغا مىنىپ ئۇنىڭ بىلەن بارىدىكەن. يول ئۈستىدە ئۇنىڭ بىلەن

① ساج ياغىچى — ھىندىستاندا ئۆسىدىغان ئىنتايىن قاتتىق ۋە چىدامىلىق بىر خىل دەرەخ — ت.

باشقىلار ئارىسىدا بىر مەل ئارىلىق بولىدىكەن. ئۇنىڭ تەۋەسىدە ئۇنى كۆرگەن ھەر قانداق كىشى دەرھال ئالدىدا سەجدە قىلىدىكەن. ئۇ ئۆتۈپ كەتكىچە سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرمەيدىكەن.

خاقانلارنىڭ ھۆكۈمدارلىق مۇددىتى ئەڭ كۆپ بولغاندا 40 يىل ئىكەن، ھۆكۈمدارلىق مۇددىتىنى بىر كۈن ئاشۇرۇۋەتسە، تەۋەسى ۋە قول ئاستىدىكىلەر ئۇنى «ئەقلىدىن ئازدى، ئاجىزلىدى» (139) دەپ ئۆلتۈرۈدىكەن. خاقان بىر يەرگە ئەسكەر ئەۋەتسە، بۇ ئەسكەرلەر ھەر قانداق شەكىلدە ۋە ھېچقانداق سەۋەب بىلەن جەڭدىن قاچمايدىكەن. مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلىدىكەن. ئۇنىڭ قوماندانلىرى ۋە ۋەكىلى (خاقان بەگ) مەغلۇپ بولۇپ چېكىنسە، ئۇلارنى ۋە بالا - چاقىلىرىنى باشقىلارغا بەخشەندە قىلىدىكەن. بەزىدە ئۇلارنى ئىككى پارە قىلىپ، جەسەتلىرىنى دارغا ئاسىدىكەن. بەزىدە بويۇنلىرىدىن ياغاچقا ئاستۇرىدىكەن. ناگاندا بىرلىرىنى ئەپۇ قىلىپ ئات باقتۇچى قىلىپ ئىشلىتىدىكەن (140).

ھازار خاقانىنىڭ ئېدىل دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قۇرۇلغان چوڭ بىر شەھىرى بار ئىكەن. دەريانىڭ بىر تەرىپىدە مۇسۇلمانلار، يەنە بىر تەرىپىدە خاقان ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى تۇرىدىكەن (141). مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىدا خاقاننىڭ خىزمەتچىلىرىدىن ھاز (142) دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدىغان بىر مۇسۇلمان بار ئىكەن. ھازارلار ئۆلكىسىدە ئولتۇراقلاشقان ۋە تىجارەت ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىپ كېتىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرى بۇ مۇسۇلمان خىزمەتچىگە ھاۋالە قىلىنىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقىسى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا قارىيالمايدىكەن ۋە ئارىلىرىدىكى ئۇقۇشماسلىقلار توغرىسىدا ھۆكۈم قىلالمايدىكەن.

بۇ شەھەردە مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇيدىغان ۋە جۈمە كۈنلىرى توپلىنىدىغان بىر مەسچىت بار ئىكەن (143). بۇ مەسچىتنىڭ ئېگىز بىر مۇنارىسى، بىر قانچە ئىمام - مەزىنى بار ئىكەن. ھازار خاقانى ھىجرىيە 310 - (922—923) يىللىرى مۇسۇلمانلارنىڭ دارىل بابۇنەجدە (144) بىر يەھۇدى چېركاۋىنى بۇزۇۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، بۇ مەسچىتنىڭ مۇنارىسىنى ئۆرۈۋېتىشنى ۋە ئىمام - مەزىنلىرىنى ئۆلتۈرۈشنى ئەمر قىلىپتۇ ۋە «ئىسلام ئەللىرىدىكى پۈتۈن چېركاۋلارنىڭ بۇزۇۋېتىلىشىدىن قورقمىسام، مەسچىتنىمۇ بۇزۇۋېتەتتىم» دەپتۇ.

ھازارلار ۋە ئۇلارنىڭ خاقانلىرى يەھۇدى بولۇپ، بۇلغارلار ۋە پۈتۈن قوشنىلىرى ھازار خاقانىغا تەۋە ئىكەن. ئۇنىڭغا قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىكەن.

# ئىككىنچى قىسىم

1.

## ئەبۇ دۇلەفنىڭ «رىسالە» سىدىن تۈرك ئەللىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىسمى

ئەبۇ دۇلەف مىسئار بىن مۇھەلھىل شۇنداق دەيدۇ: بۇ ئەسەردە تۈرك ئۆلكىلىرى (ئەللىرى)، ئۇلارنىڭ ھەر خىل قەبىلىلىرى، ئىدارە قىلىنىشى، ئىبادەتخانىلىرى، ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئۇلۇغلۇقى، مەنسەپدارلىرىنىڭ دەرىجىلىرى سۆزلىنىدۇ. بۇلارنى بىلىش كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. ئاللا «ئەجەبا، ئۇلار يەر يۈزىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۆزلىرىدىن ئاۋۋالقىلارنىڭ ئاقىۋەتلىرىنى كۆرمىدىمۇ؟» (145) دەپ ئەقىل ئىگىلىرىگە، ئىبرەت ئالغۇچىلارغا ۋە ئاڭلىق ئىنسانلارغا بۇ خۇسۇستا بىشارەت بەردى.

ھۆكۈمدار ناسىر بىن ئەخمەد بىن ئىسمائىل ئەل سامانىنىڭ ھوزۇرىغا بارغىنىمدا، يېنىمدا چىن ھۆكۈمدارى كالىن بىن ئەل شاھىر (146) نىڭ ئەلچىلىرىنى كۆردۈم. ئۇلار ناسىر بىلەن مەخپىي ئالاقە ئورنىتىشنى ئارزۇ قىلىپ، ئۇنىڭ قىزىنى سوراپتۇ. ناسىر قىزىنىڭ بىر كۇپار ھۆكۈمدار بىلەن نىكاھلىنىشىنىڭ دىنىي جەھەتتىن مەنئىي قىلىنىدىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلمىدى. ئەلچىلەر بۇنىڭدىن ئۈمىدلىرىنى ئۈزگەندە، ناسىرنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرىگە چىن ھۆكۈمدارىنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىشنى تەكلىپ قىلىشتى. ناسىر بۇنى قوبۇل قىلدى. چىن ئەلچىلىرى بىلەن بىرلىكتە چىن ھۆكۈمدارىغا بىر ئەلچىلەر ھەيئىتى ئەۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن چىن ۋە تۈرك قەبىلىلىرىنى ئۆگىنىش پۇرسىتىنى غەنىيمەت بىلىپ، ئاللانىڭ ياردىمىگە سېغىنىدىم ۋە ھەيئەت بىلەن بىللە يولغا چىقتىم.

خۇراسان ۋە ماۋارەئۈننەھر دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، دەسلەپ بارغان ئىسلام قەبىلىسى بار جاي ئەل خارگاھ (147) دېگەن يەر بولۇپ، بۇغداي بىلەن ئارپا ئىستېمال قىلىدىغان بۇ ئۆلكىدە بىر ئاي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، تاختاخ (148) دېيىلىدىغان بىر شەھەرگە باردۇق. ئۇ يەردە ئارپا، تېرىق، ھەرخىل گۆش ۋە كۆكتاتلارنى يىدۇق. بۇ ئۆلكىدە بىخەتەر ۋە كۆڭۈللۈك 20 كۈن يۈردۇق. بۇ ئۆلكىنىڭ خەلقى مۇسۇلمان بولغانلىقتىن ۋە ئىسلام ئۆلكىسىگە قوشنا بولغانلىقتىن، ئەل خارگاھ ئۆلكىسىگە قارايتتى، ئۇلارغا باج تۆلەيتتى. بۇلار مۇسۇلمان بولغانلىقتىن، كۆپ ۋاقىتلاردا ئەل خارگاھ ئۆلكىسى

خەلقى بىلەن بىرلىشىپ شەرق تەرىپىدىكى چىن ھۆكۈمدارىغا قارايدىغان مۇشرىكلەر (كۆپ خۇدالىقلار — ت) غا قارشى جەڭ قىلاتتى.

كېيىن نەجىمە دېيىلىدىغان بىر قەبىلىنىڭ يۇرتىغا باردۇق. ئۇ يەردە تېرىق، يەسمۇق، نۇقۇت ئىستېمال قىلىش بىلەن بىخەتەر بىر ئاي يۇردۇق (149). بۇلار مۇشرىك بولۇپ، تاختاخ شەھىرى ھۆكۈمدارىغا سېلىق تۆلەيدىكەن. بۇ يەرنىڭ خەلقى ھۆكۈمدارغا چوقۇنىدىكەن ۋە ئۆكۈزنى مۇقەددەس بىلىدىكەن (150). بۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ يۇرتىدا ئۆكۈز تېپىلمايدىكەن. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا ئۈزۈم، ئەنجۈر، مۇشمۇلا كۆپ چىقىدىكەن. ئۇ يەردە ئوتتا كۆيمەيدىغان بىر خىل دەرەخ بولۇپ، ئۇنىڭ ياغىچىدىن بۇت ياسايدىكەن. خرىستىئان يولۇچىلار بۇ دەرەخنىڭ ئەيسا ئېسىلغان دارنىڭ ياغاچ تۈرىدىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ. شۇڭا بۇ ياغاچتىن يېنىغا ئازراق ئېلىپ يۇرۇيدىكەن.

بۇ قەبىلىدىن كېيىن پەچەنەكلەرنىڭ يېنىغا باردۇق. ئۇلار ئۇزۇن ساقاللىق ئادەملەر بولۇپ، بىر-بىرىگە قارشى بۆلەك-تالاڭ ۋە تاجاۋۇز قىلىشىپ تۇرىدىكەن. پەقەت تېرىق يەيدىكەن. يول ئۈستىدە خوتۇنلار بىلەن جۈپلىشىۋېرىدىكەن. پەچەنەكلەر ئارىسىدا ئون ئىككى كۈن يۇردۇق. بىزگە بۇلارنىڭ شىمالىدا ساقالبە (سلاۋىلار) نىڭ ئۆلكىسىگە تۇتاش ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى. پەچەنەكلەر مۇستەقىل بولۇپ، ھېچيەرگە باج-سېلىق تۆلىمەيدىكەن (151).

ئۇلاردىن كېيىن چىغىل قەبىلىسىنىڭ يۇرتىغا باردۇق(152). بۇلار پەقەت ئارپا، پۇرچاق ۋە قوي گۆشى يەيدىكەن. تۆگە سويمايدىكەن. يۇرتىدا ئۆكۈز يېتىشتۈرمەيدىكەن ۋە ئۆكۈز گۆشىنى يىمەيدىكەن. يۇڭ رەخت ۋە جۇۋىدىن باشقا نەرسە كىيمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاز ساندا خرىستىئانلار بار ئىكەن. چىغىللار چىرايلىق كېلىدىكەن. ئۇلار جەنۇبىي قۇتۇپ چولپان يۇلتۇزى، ساتۇرىن، قوش كېزەك يۇلتۇز، شىمالىي قۇتۇپ يەتتە يۇلتۇزى، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزغا ئوخشاش يۇلتۇزلارغا چوقۇنىدىكەن. پادىچى يۇلتۇزنى خۇدالارنىڭ خۇداسى، تەگرىلەرنىڭ تەڭرىسى دەيدىكەن. چىغىللار چىقىشقاق كېلىدىكەن، يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىدىكەن. ئەتراپىدىكى تۈرك قەبىلىرى ئۇلارنى بۆلەك-تالاڭ قىلىش ۋە بېسىۋېلىش كويىدا ئىكەن. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا كەلقان دەيدىغان تاتلىق بىر ئۆسۈملۈك بولىدىكەن، بۇ ئۆسۈملۈكنى گۆش بىلەن پىشۇرىدىكەن. ئۇ يەردە بەزۋئارى رودىسى ۋە هايات ئەل خەنەك دەيدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بار ئىكەن. قان بىلەن بۇغداي پېۋىسىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ياسىلىدىغان ۋە قاتتىق مەس قىلىدىغان بىر خىل ئىچىملىك بار ئىكەن. ئۆيلىرى ياغاچ ۋە كىگىزدىن ياسىلىدىكەن. مۇقىم بىر ھۆكۈمدارى يوق

ئىكەن. خاتىرجەم ۋە باياشاتچىلىق ئىچىدە ئۇلارنىڭ يۇرتىدا ئىرىق كۈن يۇردۇق.
چىغىللاردىن كېيىن بۇغراچ (153) قەبىلىسىنىڭ يۇرتىغا باردۇق. بۇ قەبىلە-
دىكىلەر ساقاللىرىنى چۈشۈرۈپ، بۇرۇتلىرىنى قويىدىكەن. ئۇلارنىڭ كۈچلۈك ھۆكۈمە-
دارى بار ئىكەن. بۇ ھۆكۈمدار ئالەۋى مەزھىپىدىن بولۇپ، يەھيا بىن زەيدنىڭ (154)
ئەۋلادى. ئىمكەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ يېنىدا ھەل بىلەن يېزىلغان بىر
كىتاب بار ئىكەن. بۇ كىتابنىڭ ئىچىدە زەيدگە (155) ئاتاپ يېزىلغان مەرسىيەلەر-
دىن بەزى بېيىتلار ئۇچرايدىكەن. بۇغراچلار بۇ كىتابقا چوقۇنىدىكەن. ئۇلار
زەيد ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمدارى، ئەلى بىن ئەبۇ تالىپ بولسا ئىلاھى دەپ قاراي-
دىكەن. باشلىقلىقا بولسا بۇ ئالەۋىنىڭ سۇلالىسىدىن بولغان بىرىنى تەيىن قىلى-
دىكەن. بۇ قەبىلىدىكىلەر ئاسمانغا قارىغاندا ئاغزىنى ئېچىپ، كۆزلىرىنى مۆلدۈر-
لىتىپ، «ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمدارى ئۇ يەردىن چۈشۈپ، بۇ يەرگە چىقىدۇ» دەي-
دىكەن. زەيد سۇلالىسىدىن بولغان ھۆكۈمدارلار ئۆزلىرىگە خاس ساقاللىق كېلى-
دىكەن. بۇ قەبىلىنىڭ بۇرۇنلىرى قاڭشارسىز، كۆزلىرى يوغان بولىدىكەن. ئەسكەر-
لىرى باتۇر كېلىدىكەن. ئۇلار ناھايىتى ياخشى قوراللارنى ياسايدىكەن. تېرىق ۋە
ئەركەك قوي گۆشىنى يەيدىكەن. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا ئۆكۈز ۋە ئۆچكە بولمايدىكەن،
لېكىن يۇڭ رەختتىن كېيىم كىيىدىكەن. بۇ قەبىلە ئارىسىدا قورقۇنچ ئىچىدە بىر
ئاي يۈردۇق. يېنىمىزدا بولغان نەرسىلەردىن ئۇلارغا ئالۋان تۆلىدۇق.
كېيىن تىبەتكە باردۇق. تىبەتلىكلەر ئارىسىدا 40 كۈن بۇغداي، ئارپا،
كۆكتات، گۆش، ئۈزۈم ۋە مېۋە يەپ، بەختىيار يۈردۇق. ئۇلار ھەر خىل رەختتىن
تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىدىكەن. ئۆيلىرى قومۇشتىن ياسالغان چوڭ بىر شەھىرى
بار ئىكەن. بۇ شەھەردە ئەيلەنمىگەن ئۆكۈز تېرىسىدىن قاپلانغان بىر ئىبادەتخانىسى
بولۇپ، بۇ ئىبادەتخانىدا كەركىدان ۋە ئۆكۈز مۈڭگۈزىدىن ياسالغان بۇتلار بار
ئىكەن. بۇ يەردە مۇسۇلمانلار، يەھۇدىلەر، خرىستىئانلار، ھىندىلار، Maniheistلار
ۋە مەجۇسىلەر ياشايدىكەن. تىبەتلىكلەر بۇغراچ ئالەۋى ھۆكۈمدارىغا باج تاپشۇر-
دىكەن. ھۆكۈمدارنى چەك تاشلاش ئارقىلىق تاللايدىكەن. ئۆز ئىچىدىن چىققان
گۇناھكارلار ۋە جىنايەتچىلەرنى مۇزاكىرە قىلىدىغان مەخسۇس مەجلىسلىرى بار
ئىكەن. نامازنى كەبىگە قاراپ ئوقۇيدىكەن (156).
تىبەتتىن قىماق قەبىلىسىنىڭ يۇرتىغا باردۇق (157). ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى
ھايۋان تېرىسى بىلەن قاپلىنىدىكەن. نوقۇت، كۆكتات، ئەركەك قوي ۋە ئۆچكە
گۆشى يەيدىكەن، بۇ ھايۋانلارنىڭ چىشىلىرىنى سويۇشنى توغرا كۆرمەيدىكەن.
ئۇلارنىڭ ئۆلكىسىدە (يۇرتىدا) يېرىمى قارا، يېرىمى ئاق بىر خىل ئۈزۈم بار ئىكەن.

يامغۇرنى ئۆزىگە تارتىدىغان بىر خىل تاش بار ئىكەن. بۇ تاش بىلەن خالىغان ۋاقىتتا يامغۇر ياغدۇرىدىكەن (158). قىماقلارنىڭ يۇرتىدا بىر تۈزلەڭلىكتە ئالتۇن مەدىنى بار ئىكەن. بۇ مەدەندە ئۇششاق ئالتۇن پارچىلىرى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا سەل ئېقىتىپ كەتكەن ئۇششاق ئالماسلارمۇ ئۇچرايدىكەن. يىسە ئادەمنى ئۇخلىتىدىغان ۋە دانلىرى يۇمىلاق بولغان تاتلىق بىر ئۆسۈملۈك بار ئىكەن. قىماقلارنىڭ بەلگىلىك ھۆكۈمدارى ۋە ئىبادەتخانىسى يوق ئىكەن. ئۆزىگە خاس يېزىقى بار ئىكەن. ئۇلار 80 ياشقا كىرگەن ۋە ئالجىمىغان، گۇناھسىز، ياشانغان ئادەملەرگە چوقۇنىدىكەن.

قىماقلار ئىچىدە 35 كۈن تۇرغاندىن كېيىن، ئوغۇزلار (159) نىڭ يېنىغا باردۇق. بۇ ئوغۇزلارنىڭ ئۆيلىرى تاشتىن، ياغاچتىن ۋە قومۇشتىن ياسالغان بىر شەھىرى بار ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىگە بۇت قويۇلمىغان ئىبادەتخانىلىرى بار ئىكەن. چوڭ ھۆكۈمدارى بار ئىكەن. ھىندىستان ۋە چىن بىلەن تىجارەت قىلىدىكەن. بۇغداي، قوي ۋە ئۆچكە گۆشى يەيدىكەن. چىگە رەخت ياكى مويلوق تېرىدىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىدىكەن، يۇڭ رەخت كىيمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆلكىسىدە قورساق سانجىقىغا پايدا قىلىدىغان بىر تاش بار ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، قىلىچنىڭ يۈزىگە سۈركىسە ئۇنى ھېچنەرسىگە ئۆتمەيدىغان قىلىپ قويىدىغان بىر تاشمۇ بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىخەتەر ۋە ساق-سالامەت بىر ئاي تۇرغاندىن كېيىن، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ يۇرتىغا باردۇق (160).

توققۇز ئوغۇزلار بوغۇزلانغان ۋە بوغۇزلانمىغان مالنىڭ گۆشىنى يەيدىكەن، پاختا رەخت ۋە يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىدىكەن. ئالاھىدە ئىبادەتخانىلىرى يوق ئىكەن. ئۇلار ئاتنى ناھايىتى قەدىرلەيدىكەن. ناھايىتى ياخشى ئات يېتىشتۈرىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆلكىسىدە بۇرنى قانىغان كىشىلەرگە ئاسقان ھامان قاننى توختىتىدىغان بىر خىل تاش بار ئىكەن. ئۇلار ھەسەن-ھۈسەننى كۆرسە بەك خۇشال بولۇپ كېتىدىكەن. ئىبادەتنى كۈن پاتقان تەرەپكە قاراپ قىلىدىكەن. چوڭ ھۆكۈمدارى بار ئىكەن. بۇ ھۆكۈمدارنىڭ بىر قەسىر ئىچىگە ئالتۇندىن ياسالغان، 100 كىشى سىغىدىغان ۋە ئون فەرساخ نېرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىر چېدىرى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ بايرىقى قارا بولىدىكەن. توققۇز ئوغۇزلار ئىچىدە 20 كۈن چوڭ قورقۇنچ ئىچىدە تۇرغاندىن كېيىن، قىرغىزلار (161) دېگەن بىر قەبىلىنىڭ يۇرتىغا باردۇق.

قىرغىزلار تېرىق، گۈرۈچ، تۆگىدىن باشقا، ئۆكۈز، قوي، ئۆچكە ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يەيدىكەن، تۆگە گۆشىنى يېمەيدىكەن. ئىبادەتخانىلىرى ۋە يېزىقى بار ئىكەن. ئۆزىگە خاس قانۇنلىرى ۋە مۇراسىملىرىمۇ بار ئىكەن. چىراقنى ئىچىدىكى يېغى تۈگەپ، ئۆز-ئۆزىدىن ئۆچمىگىچە ئۆچۈرمەيدىكەن. ئىبادەت قىلغاندا ئوقۇيدىغان بىر يۈرۈش دۇئالىرى ۋە دۇرۇتلىرى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ

ئۈلكىسىدە ئاز مىقداردا ئىپارمۇ بار ئىكەن. يىلدا ئۈچ قېتىم ھېيت قىلىدىكەن. بايرىقى يېشىل ئىكەن. جەنۇب تەرەپكە قاراپ ئىبادەت قىلىدىكەن. ساتۇرن، ۋېنىرا يۇلتۇزلىرىنى بەخت - سائادەت، مارس يۇلتۇزىنى بەختسىزلىك ھېسابلايدىكەن. قىرغىزلارنىڭ ئۈلكىسىدە يىرتقۇچ ھايۋانلار كۆپ ئىكەن. كېچىلىرى ئەتراپنى يورۇتىدىغان بىر خىل تاش بار ئىكەن. چىراق ئورنىدا كۆپىنچە بۇ تاشنى قوللىنىدىكەن. بۇ تاش باشقا يەردە ئىشلەنمەيدىكەن. ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىدىغان ھۆكۈمدار بار ئىكەن. بۇ ھۆكۈمدارنىڭ ھوزۇرىدا پەقەت قىرىق ياشتىن ئاشقانلار ئولتۇرالايدىكەن. قىرغىزلار ئارىسىدا بىر ئاي بىخەتەر ۋە راھەت تۇرغاندىن كېيىن، قارلۇقلارنىڭ يۇرتىغا باردۇق (162).

قارلۇقلار نۇقۇت ۋە يەسمۇق يەيدىكەن. تېرىقتىن بىر خىل ئىچىملىك ياسايدىكەن. تۇزلانغان گۆش يەيدىكەن، يۇڭ رەخت كىيىدىكەن. ئاملىرىدا مەشھۇر ھۆكۈمدارلىرىنىڭ رەسىملىرى بولغان ئىبادەتخانىلىرى بار ئىكەن. ئۆيلىرى ئوتتا كۆيمەيدىغان بىر خىل ياغاچتىن ياسىلىدىكەن. بۇ ياغاچ ئۇلارنىڭ ئۈلكىسىدە كۆپ چىقىدىكەن. ئۇلار ئارىسىدا زورلۇق - زومبولۇق ۋە زۇلۇم كەڭ ئەۋج ئالغان بولۇپ، بىر - بىرىنى تالان - تاراج قىلىدىكەن. قارلۇقلار ئارىسىدا زىنا مەنئىي قىلىنمايدىكەن. ئۇلار قىمارۋاز كېلىدىكەن. قىمار سورۇنىدا بىرى يەنە بىرىنىڭ خوتۇنىنى، سىڭلىسىنى، قىزىنى ياكى ئانىسىنى ئوتتۇۋالايدىكەن. ئۇتتۇرغان كىشى قىمار ئاياغلاشماي تۇرۇپ، ئارىلىق بېرىپ قۇتقۇلالايدىكەن. لېكىن ئۇتقان كىشى ئۇتقان نەرسىنى قىمار تارقىغاندىن كېيىن سودىگەرلەرگە خالىغانچە ساتالايدىكەن. قارلۇقلارنىڭ خوتۇنلىرى گۈزەل ۋە ئىپپەتسىز كېلىدىكەن. ئۇلار خوتۇنلىرىنى ئانچە كۈنلىمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ باشلىقىنىڭ خوتۇنى، قىزى ياكى سىڭلىسى يات بىر كارۋان كەلگەندە ئۇلارنىڭ يېنىغا كېتىدىكەن. كۆڭلىگە ياققان بىر ئادەمنى كۆرسە ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ بارىدىكەن ۋە ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلىدىكەن. ئۇنى مېھمان قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا سىماپ ئارىلاش كۈمۈش رودىسى چىقىرىلىدىكەن. قارلۇقلارنىڭ ئۈلكىسىدە ھەلىلە ياغىچى ئورنىدا ئىشلىتىدىغان، تىمەك ئۆسىدىغان بىر دەرەخ بار ئىكەن. بۇ دەرەخنىڭ شىرنىسى بەدەندىكى قىزىتمىلىق ئىششىقلارغا سۈرۈلسە، تېز ياندۇرىدىكەن. قارلۇقلارنىڭ ئۈلكىسىدە مۇقەددەس بىلىدىغان، ماجرالارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ۋە قۇربانلىق بوغۇزلايدىغان بىر تاش بار ئىكەن، بۇ تاش يېشىل بولىدىكەن. ئۇلارنىڭ يىپەك كىيىملەرنى كىيىدىغان بىر ھېيتى بار ئىكەن. بۇ ھېيتتا يىپەك كىيىم كىيەلمىگەنلەر كىيىمىگە بىر پارچە يىپەك رەخت پۇرۇچىنى ياماۋالىدىكەن. قارلۇقلار ئارىسىدا 25 كۈن بىخەر-

تەر تۇرغاندىن كېيىن. قۇتلۇقلارنىڭ ئۆلكىسىگە (يۇرتىغا) باردۇق(164).

قۇتلۇقلار پەقەت بۇغداي ۋە بوغۇزلانمىغان ھايۋان گۆشلىرىنى يەيدىكەن. پۈتۈن تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىدا باتۇرلۇقتا ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق ئىكەن. ئەتراپىدىكى پۈتۈن قەبىلىلەرگە تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغان ئىكەن. قىز قېرىنداشلىرىنى نىكاھىغا ئېلىشۋېرىدىكەن. ئاياللىرى ئۆمۈر بويى بىر ئەرنىڭ ئەمرىدە بولىدىكەن. ئېرى ئۆلگەن خوتۇنلار قايتا ئەرگە تېگەلمەيدىكەن. قۇتلۇقلار ئۆزىگە خاس قانۇنلىرى بار ھوقۇقلۇق بىر قەبىلە ئىكەن. ئۇلار زىنا قىلغان ئەر ۋە ئاياللارنى كۆيدۈرۈۋېتىدىكەن. ئۇلار ئارىسىدا نىكاھتىن ئاجرىشىش بولمايدىكەن. ئۆيلەنگەن بىر ئەركىشى پۈتۈن مال-دۇنياسىنى ھەققى-مېھرى قىلىپ بەرگىنىدەك، قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىغا بىر يىل خىزمەت قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ قاتىللاردىن قىساس ئېلىش تۈزۈمى بار ئىكەن. يارىدار قىلىش ھادىسىلىرىدە بولسا، تۆلەم تۆلەيدىكەن. يارىلانغۇچى تۆلەمنى ئالغاندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتسە قىساس ئېلىنمايدىكەن. ھۆكۈمدارلىرى زۇلۇم ۋە يامانلىقلارغا يول قويمايدىكەن. ھۆكۈمدارلىرى ئۆيلەنمەيدىكەن. ئۆيلەنسە ئۆلتۈرۈلىدىكەن (165). قۇتلۇق تۈركلىرى ئارىسىدا ئون كۈن يۈرگەندىن كېيىن، خىتاي (قىتايان) دېيىلگەن قەبىلىنىڭ ئۆلكىسىگە باردۇق.

خىتايلار (166) ئارپا، پۇرچاق ۋە بوغۇزلانغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يەيدىكەن. ئۆز شەرتلىرىگە ئۇيغۇن شەكىلدە نىكاھلىنىدىكەن. باشقۇرۇش جەھەتتە يۈرگۈزىدىغان ئەمىر-پەرمانلار ئەقلىي ھۆكۈملەر ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئالاھىدە سۇلتانلىرى يوق ئىكەن. ئۇلاردىن ھەر ئون كىشى جېدەل-ماجىرالاردا ئەقىل ۋە پىكىر ئىگىسى بولغان بىر ياشانغان كىشىگە مۇراجىئەت قىلىدىكەن. ئۇنى كېلىشتۈرگۈچى قىلىدىكەن. خىتايلار يۇرتىدىن ئۆتكەن يات يۇرت ئادەملىرىگە زۇلۇم ۋە ئەخلاقسىزلىق قىلمايدىكەن. خىتايلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يىلدا بىر ئاي ئىتىكاپقا ئولتۇرىدىغان ئىبادەتخانىلىرى بار ئىكەن. بويىغان نەرسىنى ھەرگىز كىيمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا ئىنتايىن خۇش پۇراقلىق بىر خىل ئىپار بولۇپ، باشقا مەملىكەتلەرگە ئېلىپ بېرىلسا ئۇنىڭ پۇرىقى يوقاپ كېتىدىكەن. خىتايلار ياخشى كۆكتات يېتىشتۈرىدىكەن. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ يۇرتىدا قارىغان كىشىنى ئۆلتۈرىدىغان يىلانلار بار ئىكەن. بۇ يىلانلار تاغدا بولۇپ، ئۇ يەردىن زادى چىقمايدىكەن. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا قىزىتمىنى قايتۇرىدىغان بىر خىل تاش بولۇپ، ئۇ باشقا يەردە تەسىر كۆرسەتمەيدىكەن. ئۇ يەردە يېشىل تومۇرلۇق ناھايىتى قىممەتلىك بېزوئارى تېشى ئۇچرايدىكەن. خىتايلار ئارىسىدا 20 كۈن تۇرۇپ، كېيىن بەھى مەملىكىتىگە باردۇق.

## ئۈچىنچى قىسىم

## مەرۋەزىنىڭ ئەسىرىنىڭ تۈركلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بابى

### توققۇزىنچى باب تۈركلەر ھەققىدە

تۈركلەر ناھايىتى كۆپ تۈرلەرگە، قەبىلە ۋە مىللەتلەرگە بۆلۈنگەن چوڭ بىر مىللەتتۇر. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى شەھەر ۋە يېزىلاردا، بىر قىسمى بوز دالا ۋە چۆللەردە ئولتۇرىدۇ(167).

تۈركلەرنىڭ چوڭ قەبىلىلىرىدىن بىرى ئوغۇزلار بولۇپ، ئوغۇزلار 12 قەبىلىگە بۆلۈنىدۇ. بىر قىسمى توققۇز غۇز، بىر قىسمى ئۇيغۇر، بىر قىسمى ئۈچ غۇز (ئۈچ ئوق) (168) دېيىلىدۇ. ھۆكۈمدارلىرى توققۇز خاقان دېيىلىدۇ (169). توققۇز خاقاننىڭ كۆپ ئەسكىرىي قوشۇنى بار. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمدارىنىڭ بۈيۈك 1000 مۇھاپىزەتچىسى، 400 كېنىزىكى بولۇپ، بۇ مۇھاپىزەتچىلەر ھەر كۈنى ھۆكۈمدار بىلەن ئۈچ ۋاقىت تاماقتا بىللە بولاتتى. تاماقتىن كېيىن ئۇچتىن - ئۇچتىن بولۇپ ئىچىملىك ئىچىشەتتى. ھۆكۈمدارى يىلدا پەقەت بىر قېتىم خەلق ئارىسىغا چىقاتتى. ئوغۇزلارنىڭ سىياسەت جەھەتتە ئوتتۇرىغا قويغان ياخشى مۇراسىم ۋە قانۇنلىرى بار. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى شەھەردە ۋە ئۆيلەردە، بىر قىسمى قىردا ۋە سەھرادا، چېدىرلاردا ۋە ئوتاغ (چوڭ چېدىر) لاردا ئولتۇرىدۇ. ئوغۇزلارنىڭ بوز دالىلىرىنىڭ بىر قىسمى ماۋارە ئۈننەھر، بىر قىسمى خارەزىم بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئوغۇزلار ئىسلام چېگرىلىرىغا كەلگەندە، بىر قىسمى مۇسۇلمان بولۇپ، تۈركمەن دېگەن نام بىلەن ئاتالدى. بۇ تۈركمەنلەر بىلەن مۇسۇلمان بولمىغان ئوغۇزلار ئارىسىدا جەڭلەر بولدى. كېيىن ئۇلاردىن مۇسۇلمان بولغانلار كۆپىيىپ، قارشى ئېلىنغان مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ قالدى. بۇلار كۈچ - قۇدرەت جەھەتتىن ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئۇلارنى قوغلىدى. بۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمان بولمىغان ئوغۇزلار خارەزىمدىن ئۇزاقلىشىپ، پەچەنەكلەرنىڭ ئۆلكىسىگە كەتتى. مۇسۇلمان بولغانلار (تۈركمەنلەر) بولسا ئىسلام ئۆلكىلىرىگە تارقالدى. ئۇ يەرلەردە ياخشى بىر سىياسەت يولغا قويۇپ، ئىسلام زېمىنلىرىنىڭ كۆپىنى قولغا ئېلىپ، ئۇ يەرلەرنىڭ ھۆكۈمدارلىرى ۋە سۇلتانلىرى بولدى (170).

تۈركلەردىن باشقا بىر قىسمى قۇن (ھۇن) (171) دېيىلىدۇ. بۇلار نەستۇر مەزھىپىدە بولۇپ، خىتاي خاقانىدىن قورققانلىقى ۋە ئوتلاقلىرى تار بولغانلىقى

ئۇچۇن، خىتاي زېمىنىدىن ئايرىلىپ چىقتى. خارەزىمشاھ ئېكىنچى بىن قوچقار (ھىجرىيە 491 - يىلى، مىلادى 1097 - يىلى ۋاپات بولغان) ئۇلاردىن ئىدى. ھۇنلارنى تېخىمۇ كۆپ ۋە كۈچلۈك بولغان قايلار قوغلاپ چىقاردى (172). ئۇلارنى ئوتلاقلىرىدىن چىقىرىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن سېرىق ئۇيغۇر (173) لارنىڭ مەملىكىتىگە كەلدى. سېرىق ئۇيغۇرلار بولسا تۈركمەنلەرنىڭ زېمىنىغا كەلدى. تۈركمەنلەرمۇ ئوغۇزلارنىڭ شەرقتىكى زېمىنلىرىغا كىردى. ئوغۇزلار بولسا ئەرمىنىيە دېڭىزى(174) بويىغا يېقىن جايدىكى پەچەنەكلەرنىڭ ئۆلكىسىگە كەتتى(175).

تۈركلەرنىڭ بىر قىسمى قىرغىزلاردۇر. قىرغىزلار كۆپ بىر قەبىلە بولۇپ، يۇرتى ئۇلارنىڭ شىمالىدا قىماقلار، غەربىدە ياغما (176) لار ۋە قارلۇقلار بار. قۇچا ۋە ئەركلەر (177) بولسا قىشلاق بولغان غەرب بىلەن جەنۇب ئارىسىدىدۇر. قىرغىزلارنىڭ ئادەتلىرىدىن بىرى، ئۆلۈكلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. ئۇلار ئوت ئۆلۈكلەرنى تازىلايدۇ ۋە گۇناھدىن پاك قىلىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ كۆيدۈرۈش ئادىتى ئۇلار ئارىسىدا بۇرۇندىن بار ئىدى. لېكىن مۇسۇلمانلار بىلەن قوشنا بولغاندىن كېيىن، ئۆلۈكلىرىنى كۆمۈشكە باشلىدى (178). قىرغىزلار ئارىسىدا خەلق ئىچىدە فاغىنۇن (شامان بولۇشى مۇمكىن) دېگەن بىر ئادەم بولۇپ (179). ھەر يىلى بەلگىلىك بىر كۈندە بۇ ئادەم چاقىرىلىپ، ناخشىچىلار، چالغۇچىلار ۋە شۇلارغا ئوخشاش ئادەملەر توپلىنىدۇ. بۇلار ئىچىپ كۆڭۈل ئېچىشقا باشلايدۇ. سورۇن تازا قىزىغاندا ھېلىقى ئادەم ھوشىدىن كېتىپ، تۇتقاقلىقى تۇتۇپ قالغان ئادەمدەك يىقىلىدۇ. ئۇ شۇ ھالدا تۇرغاندا يېڭى بىر يىلدا بولىدىغان ئىشلار سورىلىدۇ. ئۇ يىلنىڭ مولچىلىق ياكى قەھەتچىلىك، ھۆل - يېغىنلىق ياكى قۇرغاقچىلىق بولىدىغانلىقى، خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، يېڭى يىلدا نېمىلەر بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. ئۇلار بۇ كىشىنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنىدۇ(180).

قىرغىزلارنىڭ يۇرتىدا چوڭقۇر جىلغىلار ۋە تاغلار ئارىسىدىن ئېقىپ كەلگەن
چوڭ بىر دەرياغا قۇيۇلىدىغان تۆت دەريا ئاقىدۇ ...

تۈركلەرنىڭ بىر قىسمىنى قارلۇقلار تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار بۇرۇندىن تولىس (تىميانشان) تېغىدا ياشايتتى. بۇ تاغ ئالتۇن تاغدۇر. قارلۇقلار مانا شۇ تاغدا ياشايدىغان ۋاقىتتا توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئەسىرلىرى ئىدى. ئۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تۈرگىشلەرنىڭ يۇرتىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ سۇلتانىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇ يەرنى ئىشغال قىلدى. كېيىن ئۇ يەردىن ئىسلام ئۆلكىلىرىگە كەلدى. قارلۇقلار توققۇز قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئۈچ گۇرۇپپىسىنى جىلغىلار، ئۈچ گۇرۇپپىسىنى ئاسكە-

لىلەر، بىر گۇرۇپپىسىنى بۇلاقلار، بىر گۇرۇپپىسىنى گۆكەر كىنلەر (182)، بىر گۇرۇپپىسىنى تۇخسىلەر (183) تەشكىل قىلىدۇ.

تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ يەنە بىرى قىماقلار دۇر. بۇ قەبىلىنىڭ يېزىلىرى ۋە ئۆيلىرى يوق. بۇلار سازلىقلاردا، قۇرۇقلۇقلاردا، ئوتلاقلاردا ياشايدۇ. كۆپ مىقداردا كالا ۋە قوي باقىدۇ. بۇ قەبىلە تۆگە باقمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ يۇرتىدا تۆگە بىر يىلدىن ئارتۇق ياشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا تۇزمۇ يوق. كۆپىنچە سودىگەرلەر ئۇلارنىڭ يۇرتىغا تۇز ئاپىرىدۇ. تۇزنىڭ بىر پاتمىنىنى بىر چۇۋىغا تېگىشىدۇ. قىماقلار يازدا بايتال سۈتى بىلەن، قىشتا بولسا ئاپتاپتا قۇرۇتۇلغان گۆش بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا قار قاتتىق ياغىدۇ. كۆپ چاغلاردا قار نەيزە بويىغا يېتىدۇ. مۇشۇنداق قېلىن قار ياغقاندا قىماقلار ماللىرىنى ئوغۇزلارنىڭ زېمىنىغا ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى ئوغۇزلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سۈلھ بار. قىماقلارنىڭ قىشنىڭ قاتتىق سوغۇقلىرىدا ئولتۇرىدىغان گەمە ئۆيلىرى بار. ئۇلاردىن بىرى قاما ۋە قۇندۇز ئوۋلاشقا چىقسا، ئۇزۇنلۇقى ئۈچ گەز، كەڭلىكى بىر غېرىچ كېلىدىغان ئىككى ياغاچ ئالىدۇ. بۇ ياغاچلارنىڭ بىر ئۇچى كېمىنىڭ ئالدىغا ئوخشاش ئېگىلىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ ياغاچلارنى پۇتىغا باغلاپ، قار ئۈستىدە خۇددى سۇدا كېتىۋاتقان كېمىگە ئوخشاش ماڭىدۇ (بۇ يەردە چاڭغىنى دېمەكچى بولىدۇ).

قىماقلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدە (شىمالىدا) ئوتقا ۋە سۇغا چوقۇنىدىغان ئۈچ قەبىلە بار (184). بۇلار يات ئادەملەر بىلەن سۆزلەشمەيدۇ، ئىشارەت بىلەن ئېلىم-بېرىم قىلىدۇ. يەنى يات ئادەم ساتىدىغان مالنى بىر تاختا ئۈستىدە ئېلىپ كېلىدۇ. كېيىن قىماقلاردىن بولغان كىشى ئالىدىغان مالغا بېرىدىغان نەرسىنى ئەپكېلىپ ھېلىقى كىشىنىڭ مېلىنىڭ يېنىغا قويىدۇ. ئەگەر مېلىنى ئالماشتۇرۇشقا رازى بولسا، ھېلىقى مالنى ئېلىپ، ئۆز مېلىنى ھېلىقى كىشىنىڭ تاختىسى ئۈستىگە تاشلايدۇ. رازى بولمىسا ھېلىقى كىشىنىڭ مېلىنى تاشلىۋېتىدۇ. ئۇلار كۆپىنچە سېرىق چىنە ۋە قىزىل چەينەكلەرنى سېتىۋالىدۇ. يىلدا بىر كۈن روزا تۇتىدۇ. ئۆلۈكلىرىنى كۆيدۈرىدۇ، ئۆلۈكلەرنىڭ كەينىدىن يىغلىمايدۇ، ئاللانىڭ تەقدىرىگە رازىلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

قىماقلارنىڭ قىبلە تەرىپىدە نەسرىيە(؟) (185) دېگەن بىر قەبىلە بولۇپ، بۇلارنىڭ دائىمىي باشلىقلىرى بولىدۇ. بۇلار ياز ۋە قىش ئورمانلىقلاردا ۋە دەرەخزارلىقلاردا تۇرىدۇ.

پەچەنەكلەر كۆچمەن قەبىلە (186) بولۇپ، دائىم يامغۇرلۇق ۋە ئوتلۇق يەرلەرنى ئىزدەيدۇ. ئۇلارنىڭ زېمىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى 30 كۈنلۈك يول كېلىدۇ. ئەتراپىدا ناھايىتى كۆپ قەبىلەلەر ياشايدۇ. شىمالىدا قىپچاقلار (187)، غەربىي جەنۇ-

بىدا بۇلغارلار ياشايدۇ. مانا شۇ بارلىق قوشنا قەبىلىلەر ئۇلارنىڭ زېمىنىغا، ئۇلار بۇ قوشنىلىرىنىڭ زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىشىپ تۇرىدۇ. پەچەنەكلەر باي بولۇپ، كۆپ مىقداردا مال، قوي، ماددىي ئەشيا، ئالتۇن-كۈمۈشلەرگە ئىگە. پەچەنەكلەر بىلەن هازارلارنىڭ ئارىلىقى بوز دالا ۋە ئورمانلىقلاردىن ئىبارەت ئون كۈنلۈك يول كېلىدۇ. بۇ ئىككى قەبىلىلەر گۇرۇپپىسى ئارىسىدا بەلگىلىك بىر يول يوق. ئارىسىدىكى مۇساپىنى يۇلتۇزلارغا ۋە باشقا ئالامەتلەرگە قاراپ تەخمىنەن هۆكۈم قىلىدۇ.

هازارلارنىڭ يۇرتى بولسا كەڭ. ئۇلارنىڭ زېمىنىنىڭ بىر تەرىپى چوڭ بىر تاغقا تۇتىشىدۇ. بۇ تاغنىڭ چوققىسىدا تۈركلەردىن تۇلاس ۋە لاۋار (188) لار بار. بۇ تاغ تىفلىس زېمىنلىرىغا قەدەر سوزۇلىدۇ. هازارلارنىڭ پايتەختى سارىغشاندۇر. ئۇلارنىڭ خانبالىغ (189) دېگەن باشقا بىر شەهىرىمۇ بار. هازارلار قىشتا بۇ ئىككى شەهەردە تۇرىدۇ. باهار كەلگەندە بوز دالىلارغا چىقىدۇ. ياز بويى ئۇ يەرلەردە تۇرىدۇ. هۆكۈمدارى بىر يەرگە بارسا، 10 مىڭ كىشى بىلەن بىللە يولغا چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ئادەتلىرىدىن بىرى شۇ. ئەسكەرلىرى بىر سەپەرگە چىقسا، هەر بىرى يېنىدا قىزىل يۇلغۇن ياغىچىدىن ئىككى گەز ئۇزۇنلۇقتا قوزۇق ئېلىپ ماڭىدۇ. بىر يەردە قونغاندا، هەممىسى بۇ قوزۇقنى يەرگە قېقىپ، قالقانلىرىنى قوزۇققا يۆلەپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىتتا قارارگاهنىڭ ئەتراپى تام چۆرۈلگەندەك بولىدۇ-دە، هېچكىم ئۇلارغا تېگەلمەيدۇ.

تۈركلەرنىڭ يەنە بىر قەبىلىسى بۇراداسلار (190) دۇر. بۇراداس زېمىنى هازار زېمىنى هېسابلىنىدۇ. ئۇلار بىلەن هازارلار ئارىسىدا 15 كۈنلۈك مۇساپە بار. ئۇلار هازار خاقانىغا قارايدۇ. بۇراداسلار 10 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن چىقىرالايدۇ. ئۇلارنى رېژىم ئاستىغا ئالغان ۋە ئىدارە قىلىدىغان بىر هۆكۈمدارى يوق. هەر مەهەللىدە بىردىن چوڭ ئاقساقىلى بار. ئارىلىرىدا جېدەل-ماجرا چىقسا، ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ زېمىنى كەڭ بولۇپ، ئورمانلىقلاردا تۇرىدۇ. بۇراداسلار بۇلغارلارنىڭ ۋە پەچەنەكلەرنىڭ زېمىنىغا بۇلاڭ-تالاڭ ۋە تاجاۋۇز قىلىپمۇ كىرىدۇ. ئۇلار چىرايلىق، خۇشخۇي ۋە قاۋۇل كېلىدۇ. بۇلاردىن بىر قىز بالاغەتكە يەتكەندە، ئاتىسىنىڭ ئاغزىغا قارىماي، ئۆزى خالىغان بىر ئەرنى تاللايدۇ. ئۇلار چوشقا ۋە كالا باقىدۇ. بۇراداسلار ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بىر قىسمى ئۆلۈكلىرىنى كۆيدۈرىدۇ، يەنە بىر قىسمى كۆمىدۇ. زېمىنى تۈزلەڭ، ئورمانلىقتۇر. ئورمانلارنىڭ كۆپى قېيىن دەرىخى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا كەڭ داللىرىمۇ بار. زېمىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى 17 كۈنلۈكچە يول كېلىدۇ. ئۇ يەردە مېۋە بولمايدۇ، ئىچىملىكى بالدۇر.

ماجارلارمۇ تۈركلەردىندۇر (191). ئۇلارنىڭ مەملىكىتى يۈز فەرساخ ئۇزۇنلۇق، يۈز فەرساخ كەڭلىكتىكى چوڭ بىر ئۆلكىدۇر. ھۆكۈمدارىنىڭ 20 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق ئەسكىرى بار. ئىسمى كۈندۇر. بۇ ئىسىم ھۆكۈمدارنىڭ ئۇنۋانى. ئۇلار چېدىرلاردا ئولتۇرىدۇ. يامغۇر ۋە ئوت - چۆپ ئەھۋالىغا قاراپ كۆچىدۇ. ئۇلارنىڭ زېمىنىنىڭ بىر تەرىپى روم دېڭىزى (قارا دېڭىز) غا تۇتىشىدۇ. بۇ يەردە بۇ دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان ئىككى دەريا بولۇپ، بۇ دەريالاردىن بىرى جەيھۇندىنمۇ چوڭ. ماجارلارنىڭ يۇرتى بۇ ئىككى دەريانىڭ ئارىسىدا بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرى دونا ، يەنە بىرى ئېدىل دەپ ئاتىلىدۇ. ماجارلارنىڭ زېمىنلىرى ئورمانلىقتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، زىرائەت تېرىلىدىغان يەرلىرىمۇ بار. ئۇلار ئەتراپىدىكى سلاۋلار، رۇسلاردىن غالىب كېلىدۇ. ئۇلاردىن ئالغان ئەسىرلەرنى رۇمغا ئەپكېلىپ ساتىدۇ. ماجارلار چىرايلىق، كېلىشكەن، قاۋۇل، كۆپىنچە تىجارەت قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن باي ۋە مۇلۇكدار كېلىدۇ.

سلاۋلار بىر مۇنچە قەبىلىلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ زېمىنى بىلەن پەچەنەكلەرنىڭ ئارىسى بوزدالا، ئورمانلىق ۋە ئۆلكە يەرلەردىن ئۆتىدىغان ئون كۈنلۈك يول بار. ئۇلار شۇ ئورماندا ئولتۇرىدۇ، باغلىرى يوق. ئۈزۈم ئورنىغا كۆپ مىقداردا بال ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئۇلار كۆپ مىقداردا چوشقا يېتىشتۈرىدۇ. ئوتقا چوقۇنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلۈكلىرىنى كۆيدۈرىدۇ. ناھايىتى كۆپ تېرىق ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئىچىملىكنى بالدىن ياسايدۇ. كۆپ خىل مۇزىكا ئەسۋابلىرى بار. ئۇد (چالغۇ) لىرى تۈز، سەككىز تارلىق بولىدۇ. ئۇلار باياشات ھاياتقىمۇ ئىگە ئەمەس. قورال‌لىرى مىزراك (ئۇزۇن نەيزە) ۋە مۇكەممەل قالقاندۇر. ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ باشلىقىنى شۇۋىت (؟) دەيدۇ. ئۇنىڭ شارىج 192) دەيدىغان ۋەكىلىمۇ بار. ھۆكۈمدارنىڭ خۇسۇسىي ئارغىماقلىرى بار. يېمەكلىكلىرى بۇ بايتال‌لارنىڭ سۈتىدىن تەمىن قىلىنىدۇ. ھۆكۈمدار تۇرىدىغان شەھەر ھاجەرات (193) (؟) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ شەھەردە ئۈچ ئايدا بىر يەرمەنكە بولۇپ تۇرىدۇ. سلاۋلارنىڭ يۇرتى بەك سوغوق بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن چوڭقۇر گەمىلەرنى قېزىپ، ئۈستىنى ياغاچ بىلەن ياپىدۇ. قىشتا بۇ گەمىلەرنى تېزەك، ئوتۇن بىلەن ئىسسىتىدۇ ۋە بۇ يەرلەردە ئولتۇرىدۇ. قىشتا ماجارلار ئۇلارغا تاجاۋۇز قىلىدۇ. سلاۋلار بىر-بىرىنى بۇلاپ - تالىغانلىقى ئۈچۈن، قۇللىرىدا كۆپ ساندا ئەسىر بولىدۇ. رۇسلار بولسا دېڭىز ئوتتۇرىسىدا كەڭلىكى ۋە ئۇزۇنلۇقى ئۈچ كۈنلۈكچە كېلىدىغان بىر ئارالدا ئولتۇراقلاشقان(194). ئۇيەردە ئورمانلىقلار ۋە قۇرۇقلۇقلار بار. بۇ ئارالنىڭ ئەتراپى دېڭىز بىلەن قاپلانغان. رۇسلار ناھايىتى نۇم بولۇپ، ھاياتىنى ۋە تاپاۋىتىنى قىلىچ بىلەن قولغا كەلتۈرىدۇ. ئۇلاردىن ھەم قىزى، ھەم ئوغلى بار بىر ئادەم ئۆلسە ، مال - دۇنياسىنى قىزىغا بېرىدۇ. ئوغۇللىرىغا بىردىن قىلىچ بېرىپ ئۆز يولىغا

قويۇۋېتىدۇ. «داداڭلار بايلىقنى قىلىچ بىلەن تاپقان، ئۇنى دوراڭلار ۋە ئۇنىڭ ئىز باسارى بولۇڭلار» دەيدۇ. ھىجرىيە 300 (مىلادى 912 — 913) يىلى ئۇلار خرىستىيان بولغىچە، ئۇلارنىڭ ياشاش شەكىللىرى شۇنداق ئىدى. ھالبۇكى، خرىستىيانلىقنى قوبۇل قىلغاندا، دىن ئۇلارنىڭ قىلىچىنى قىنىغا سالدى. ئۇلجا ئىشىكلىرى تاقالدى. زىيان تارتىش ۋە ۋەيران بولۇشقا باشلىدى. تۇرمۇشى تەس كۈنگە قالدى. بۇرۇنقىدەك، جەڭ قىلىپ ۋەزىيىتىنى تۈزەش ئۈچۈن ئىسلام دىنىغا كىرىشنى تەلەپ قىلدى. ھۆكۈمدارنىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن تۆت كىشىنى ئەلچى سۈپىتى بىلەن خارەزىمگە ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ مۇستەقىل ۋە ۋىلادىمىر (194) ئۇنۋانىنى ئالغان بىر ھۆكۈمدارى بولۇپ، تۈرك ھۆكۈمدارى خاقان بىلەن، بولغار ھۆكۈمدارىمۇ بىلتىۋار (ئىلتابار) بىلەن تەڭ كېلەتتى. رۇسلارنىڭ ئەلچىلىرى خارەزىم ھۆكۈمدارىغا كېلىپ ئەھۋالنى ئۇقتۇردى. ئۇلار ئىسلامغا كىرىشنى خالايدىغانلىقى ئۈچۈن، خارەزىمشاھ ناھايىتى خوش بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ئىسلامىيەتنى ئۆگىتىدىغان ئادەملەرنى ئەۋەتتى. ئۇلارمۇ مۇسۇلمان بولدى. رۇسلار كۈچلۈك ۋە تىز پۈكمەس ئادەملەردۇر. جەڭ قىلىش ئۈچۈن خېلى ئۇزاق يەرلەرگىمۇ پىيادە بارىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا،ھازار دېڭىزىغا كېمىلەر بىلەن سەپەر قىلىپ، ئۇ يەردىكى كېمىلەرنى بۇلاپ كېتىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى تالان - تاراج قىلىدۇ. قارا دېڭىز يولى بىلەن ئىستانبۇلغىمۇ سەپەر قىلىپ، كۆرپەز كۆۋرۈكىنىڭ ئاغزى زەنجىرلەنگەن ھالدىمۇ بۇلاڭچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر قېتىم ھازار دېڭىزىغا سەپەر قىلىپ، بىر مەزگىل بارداغا ھوجۇم قىلدى. ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىقى مەشھۇر، ھەتتا ئۇلاردىن بىر كىشى باشقا مىللەتلەردىن بىر قانچە كىشىگە تەڭ كېلەلەيدۇ. ئەگەر ئات باقىدىغان، ئاتلىق ئەسكەر بولىدىغان بولسا، كىشىلەرنىڭ بېشىغا بالا بولىدۇ.

يۇقىرىدا تۈركلەرنىڭ تۈرلىرى ۋە ئەھۋاللىرى ھەققىدە مەلۇم بولغانلارنى قىسقىچە بايان قىلدۇق. چۈنكى ئۇلارنىڭ تۈرلىرى، ھەرىكەتلىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز كۆپ.

ھىپوكرات ۋە گالىنوسلارنىڭ ئۇلار ھەققىدە ئېيتقانلىرىدىن بىر قىسمىنى بۇ يەرگە كىرگۈزىمىز (195).

ھىپوكرات شۇنداق دەيدۇ: «ياۋروپا زېمىنىدا تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى ياشايدۇ (196)، بۇ قەبىلىنىڭ خەلقى بىر - بىرلىرىگە ئوخشايدۇ، لېكىن باشقىلارغا ئوخشىمايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، مىسىر خەلقىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى، مىسىر خەلقىنىڭ ناھايىتى ئىسسىقتا، تۈركلەرنىڭ ناھايىتى سوغاقتا ياشايدىغانلىقىدا.»

گالېنوس: «سۇرماتا دېگەن كىشىلەر كىچىك كۆزلۈك بولۇپ، يىراق ئارىلىقنى كۆرەلەيدۇ» دەيدۇ (197).

ھىپوكرات: «تۈركلەرنىڭ تاماقلىرى ۋە ئادەتلىرى بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ، باشقىلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلار چىراي ۋە ئادەت جەھەتتە باشقا مىللەتلەردىن پەرقلىنىدۇ» دەيدۇ. يەنە بىر يەردە: «بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار سېمىز كېلىدۇ، بوغۇملىرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، بەدەنلىرى يۇمشاق ۋە قۇۋۋەتسىز» دەيدۇ.

ھىپوكرات يەنە بىر يەردە: «تۈركلەرنىڭ كۆپچىلىكى بۇ سېمىزلىك تۈپەيلىدىن ئاختاقىلىۋەتكەن ئادەمگە ئوخشايدۇ. بۇ ھال يېزىلاردا ۋە شەھەرلەردە ئولتۇرىدىغانلاردا كۆرۈلىدۇ. لېكىن بوز داللاردا ۋە سەھرالاردا ئولتۇرۇپ قىش - ياز كۆچمەنلىك بىلەن ياشايدىغان تۈركلەر ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەھرىمانلىرى ۋە ئۇرۇشتا ئەڭ كۆپ قەيسەرلىك كۆرسىتىدىغانلاردۇر. بۇ كۆچمەنلەر ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بىر قىسمىنىڭ باشلىقى ۋە ھۆكۈمدارى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەمرى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ، بىر قىسمى ھېچكىمگە قارىمايدۇ، ھېچكىم ئۇلارنى بويسۇندۇرالمايدۇ، بۇلار تېخىمۇ جەسۇر ۋە قەھرىماندۇر» دەيدۇ. يەنە بىر يەردە: «ئاسىيالىقلارنىڭ بىر تۈرى باركى، ئۇلار ھېچكىمگە قارىمايدۇ. يۇنانلىقلار ۋە تۈركلەردەك، باشقا مىللەتلەر ئۇلارغا خوجا بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان كىشىلەردۇر، باشقىلارنى ئۆزىگە ھۆكۈمدار قىلمايدۇ. باشقىلار ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ ۋە ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئۇلار باشقىلاردىن جەسۇر ۋە پىداكاردۇر. ئۆزلىرى بىلەن ئۇرۇشقانلارغا قارشى قەيسەرلىك كۆرسىتىپ، ئالغان غەنىيمەتلەرنى تەڭ بۆلۈشىدۇ» دەيدۇ.

گالېنوس: «بۇ كېيىنكى قەبىلىنىڭ خوتۇنلىرى ئەرلىرىگە ئوخشاش جەڭ قىلىدۇ. بۇ خوتۇنلار كۈچى قوللىرىغا يىغىلسۇن، بەدىنى چاققان، ئاتقا بىر سەكرەپلا مىنەلەيدىغان بولسۇن دەپ، ئەمچەكلىرىدىن بىرىنى كېسىپ ئالغۇزۇۋېتىدۇ» دەيدۇ.

ھىپوكرات ئەسەرلىرىدىن بىرىدە بۇ خوتۇنلارنى تىلغا ئالىدۇ ۋە ئۇلارنى ئامازونلار دەيدۇ (198). بۇ سۆزنىڭ مەنىسى بىر ئەمچەكلىك دېگەن بولىدۇ. چۈنكى يەنە بىر ئەمچىكىنى كېسىۋەتكەن. ئۇلارنىڭ ئەمچەكلىرىدىن بىرىنى قالدۇرۇشىغا سەۋەب بولغان نەرسە بالىلىرىنى ئېمىتىش ۋە نەسلىنى داۋاملاشتۇرۇش غېمىدۇر. ئۇلار ئەمچەكلىرىدىن بىرىنى ئات ئۈستىدە ئوق ئېتىشقا توسالغۇ بولمىسۇن دەپ كېسىدۇ.

تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمدارى ۋە رەھبىرى بولغانلار بەك كۆپ قەبىلىلەرگە بۆلۈنىدۇ. بۇلارنى يوقىرىدا بايان قىلدۇق.

## ئىزاھلار:

(1) ساقالىبە: ئىبنى فەزلان بۇ يەردە بۇلغارلارنى ساقالىبە (سلاۋلار) دەپ ئاتايدۇ. كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى بولغارلار توغرىسىدىكى قىسمىدا بولسا، ھۆكۈمدارنىڭ نامىنىڭ خۇتبىدە «بۇلغار ھۆكۈمدارى» دېيىلگەنلىكىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسلام مۇئەللىپلىرى بۇلغارلارنىلا ئەمەس، پۈتۈن شىمالىي ۋە شەرقىي ياۋروپا قەبىلىلىرىنى، گېرمانلارنى ۋە سلاۋلارنى ساقالىبە دەپ قوبۇل قىلغان ئىدى. ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسىدىكى ساقالىبە دېگەن سۆزنىڭ ئىزاھاتىدا ئېيتىلغان ئىسلاۋلار ئومۇمەن گېرمانلار ياكى ۋىكىڭ (Viking) بولۇشى مۇمكىن.

(2) ئەلمۇش ۋە شىلكى نامىلىرى بۈگۈن چۇۋاش تىلىدا كۆرۈلمەكتە. ئىلتەبەرنىڭ باشقا بىر تەلەپپۇز شەكلى بولغان يىلتىۋار (يالتاۋار) ئۇنىۋانىنىڭ بەزى تۈركلەر ئارىسىدا ھۆكۈمدار ياكى خان مەنىسىدە قوللىنىلغانلىقى كۆرۈلمەكتە.

(3) نەزىر ئەل ھەرەمى: تارىخ كىتابلىرىدا بىر قانچە يەردە تىلغا ئېلىنغان نەزىر ئەل ھەرەمى خەلىپە مۇقتەدىرنىڭ سارىيىدىكى نوپۇزلۇق خادىم ئىدى. ئۇ ئەلچىلىك ھەيئىتىنى تەشكىللىگەن، ئەلچى سەۋسەن ئەل راسىنى ئازاد قىلغان.

(4) ئىبىن ئەل فۇرئات: خەلىپە مۇقتەدىر دەۋرىدە، ھىجرىيە 296 — 312 (مىلادىيە 908 — 924) ـ يىللار ئارىسىدا ئۈچ نۆۋەت ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىگە قويۇلغان. 312 ـ يىلى مۇقتەدىرنىڭ ئەمرى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن.

(5) ئارتا خۇشمەن: بۈگۈنكى HiVe نىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر ناھىيە بازىرى.

(6) ئابدۇللا بىن باشتۇ ئەل ھازارى: بۇ كىشى بەلكىم ھازار مۇسۇلمانلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر سىياسىي مۇساپىر بولسا كېرەك. ئۇنىڭ بۇلغار ھۆكۈمدارى تەرىپىدىن ئەلچىلىككە تاللىنىشى بولغارلارنىڭ مۇقتەدىرگە ئەۋەتكەن ئەلچىلىك ھەيئىتىنىڭ ھازار خاقانىغا قارشى ئەۋەتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

(7) تېكىن ئەل تۈركى: بۇ شەخس مۇقتەدىرنىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن تېكىن ئەل ھەسسە بولۇشى كېرەك. بۇرۇن بۇلغار مەملىكىتىدە ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن نەزىر ئەل ھەرەمگە بۇلغار ھۆكۈمدارى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەنمۇ شۇ. ئەلچىلىك ھەيئىتىنى تەشكىللەشتە ئۇنىڭ موھىم رولى بارلىقى مەلۇم.

(8) بارس ئەل ساقلابى: بۇ شەخس بۇرۇن سامانىلاردىن ئەخمەت بىن ئىسمائىلنىڭ ھاجىپى ئىكەن. بىر ئوقۇشماسلىق بىلەن باغداتقا قېچىپ بېرىپ، ئۇ يەردە خەلىپىنىڭ خىزمىتىگە كىرگەن. ئۇنىڭ «ساقلابى» تەخەل-

لۇسنى قوللىنىشى ۋە ئىسمىنىڭ بارس (بورس، پارس) بولۇشى بۇلغارلاردىن كېلىپ چىققانلىق ئېھتىماللىنى چۈشەندۇرىدۇ.

(9) سەۋسەن ئەل راسى: بۇ شەخس ئەل سەبى تەرىپىدىن بايان قىلىنغان سەۋسەن ئەل ھاجىپ بولۇشى مۇمكىن.

(10) دېسكەرە: باغدادنىڭ شەرقىي شىمالىدا، شۇ نام بىلەن ئاتالغان قانال ئەتراپىدىكى بىر شەھەر.

(11) ھۇلۋان: جىبال چېگرىسىدا دىيالە دەرياسىنىڭ تارماقلىرىدىن بىرىنىڭ ۋادىسىدىكى بىر شەھەر.

(12) قارمىسىن: بۈگۈنكى قىرمانشاھ شەھىرى.

(13) ساۋە: ھەمەدان بىلەن رەي يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر شەھەر.

(14) رەي: تېھراننىڭ يېنىدىكى بىر شەھەر.

(15) سۇلۇق: مۇھەممەد بىن ئەلى ئەل دەيلەمىنىڭ لەقىمى.

(16) ئەخمەد بىن ئەلى: سۇلۇقنىڭ ئىنىسى، 311 - يىلى (مىلادى 923 — 924) يۇسۇپ بىن ئەبىل - ساج تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

(17) ھۇۋار ئەل رەي: تېھراننىڭ شەرقىدىكى قۇمىس ۋىلايىتىدىكى بىر شەھەر.

(81) سىمنان: ئېلبۇرۇس تاغلىرىنىڭ ئېتىكىدە ھۇۋار ئەل رەينىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر شەھەر. دامغان: سىمناننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر شەھەر.

(19) ئەل دەئىئى: بۇ يەردە ئېيتىلغان ئەل دەئىئى ئەل سەغىر ئەل ھەسەن بىن قاسىم بولۇپ، 316 - (مىلادى 928) يىلى ئاسفەر ئەل جىلى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

(20) ئىبنى قارىن: شەرۋىن بىن رۇستەم بىن قارىن.

(21) لەيلى بىن نۇئىمان: دەيلەمىلەردىن بولۇپ، ئەل ئۇتروش ۋە ئەل ھەسەن بىن قاسىمنىڭ گېنېرالى. 309 - (مىلادى 921) - يىلى سامانى قوماندانى ھامۇيا قوشا تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن. لەيلى 308 (مىلادى 920) - يىلى ئەل ھەسەن بىن قاسىم تەرىپىدىن نىسابۇرغا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ئىدى.

(22) قۇشماھان: مەرۋە بىلەن ئامۇل يولى ئۈستىدە ئامۇل ۋە چۆلنىڭ بويىدىكى بىر يېزا.

(23) ئامۇل: بۇ يەردە ئېيتىلغان ئامۇل خۇراساننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئامۇلى جەيھۇن بولۇپ، بۈگۈنكى نامى شارجۇئى.

(24) ئافىرابىر ياكى فىرەبىر: ئەينى ۋاقىتتا رىباتى تاھىر بىن ئەلى ۋە تاھىرىيە ناملىرى بىلەن تونۇلغان. بۇ يەر خارەزىم چېگرىسىنىڭ باشلىنىش ئورنىدۇر.

(25) بايكەنت : بۇخارا بىلەن جەيھۇن ئارىسىدا بۇخاراغا بىر كۈنلۈك يىراقلىقتىكى چوڭ بىر شەھەر بولۇپ، بۈگۈن خارابىلىقتا ئايلانغان.

(26) ئەل جەيھانى: مەشھۇر سامانى ۋەزىرى ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەت بىن ئەخمەد ئەل جەيھانى ، «كىتاب ئەل مەمالىك ۋەل مەسالىك» ناملىق يوقالغان بىر ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى .

(27) ناسىربىن ئەخمەد بىن ناسىر : ھىجرىيە 301 — 331 (مىلادى 914 — 943) يىللىرى ئارىسىدا سامانى ھۆكۈمدارلىقىنى قىلغان.

(28) فازىل بىن مۇسا ئەل نەسرانى: بۇ خارەزىملىك خرىستىئان ھەققىدە باشقا مەلۇمات يوق، بەلكىم بىرناستۇرى (خرىستىئان مەزھىپىنىڭ مۇرتىت) بولسا كېرەك. بارتھولدنىڭ خارەزىم خرىستىئانلىرىنىڭ كاتتىبىشى ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن.

(29) ئەخمەد بىن مۇسا ئەل خارەزمى : بۇ شەخس ھەققىدە باشقا مەلۇمات يوق، خەلىپىنىڭ سارىيىدىكى بىر مەسئۇل كىشى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

(30) باب ئەل تۈرك : «تۈرك دەرۋازىسى» دېگەن مەنانى بېرىدىغان بۇ يەر ئىلگىرى رىباتى زەمجان نامى بىلەن ئۇچرايتتى. بۇيەرسامانىلارغا قارايدىغان بىر چېگرا قاراۋۇلى بولسا كېرەك.

(31) ئەل غىترىفىيە: ھارۇن ئەل رەشىد دەۋرىدە خۇراسان ۋالىيسى بولغان غىترىف بىن ئەتتاب تەرىپىدىن باستۇرۇلغان دىرھەملەرگە بېرىلگەن ئىسىم. بۇ شەخسنىڭ ئىنىسى مۇسەييەب تەرىپىدىن باستۇرۇلغان دىرھەملەر «مۇسەييەبىيە» دېيىلىدۇ. ماۋارەئۇننەھردە قوللىنىلغان ۋە «مۇھەممەدىيە» دەپ ئاتالغان دىرھەملەرمۇ ئىسلام دەۋرىدە بېسىلغان ئىدى. سەمەرقەند دىرھەملىرى ئۈچۈن سائۇۋائىرە تەپسىلى مەلۇمات بەرگەن.

(32) خارەزىم : بۇ يەردىكى خارەزىم مەملىكەت ئەمەس، خارەزىمنىڭ شۇ زاماندىكى مەركىزى قات شەھىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قات شەھىرىنىڭ بۈگۈنكى نامى شاباز (شەيخ ئابباس ۋەلى) بولۇپ، بۇرۇن قاتئا شەھرىستان دەپمۇ ئاتىلاتتى.

(33) خارەزىمشاھ مۇھەممەد بىن ئىراق Afrigi لەر خانلىرىدىن بىرى.

(34) تۆمۈرچى: تېگىنىنىڭ بۇرۇندىن خارەزىمدە تۆمۈرچىلىك بىلەن مەشغۇل بولغانلىقى مەلۇم. كونا تۈركلەر ئارىسىدا تۆمۈرچىلىك سايمانلىرىمۇ شامانىنىڭ سايمانلىرىدەك مۇقەددەس ئىدى. مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، قىرغىزلار ، يابغۇلۇقلار ۋە قىپچاقلار تۆمۈرنى مۇقەددەس بىلەتتى ۋە تۆمۈر

بىلەن قەسەم ئىچەتتى. ئوتتۇرا ئەسىرگە كەلگەندە ماۋارەئۇننەھر ۋە خارەزىم بىلەن تۈرك ئەللىرى ئارىسىدا كەڭ تۈمۈر تىجارىتىنىڭ مەۋجۇت بولغان-لىقى مەلۇم.

(35) ئۇلۇغ ئەمىر: بۇ سامانىي ھۆكۈمدارىنى كۆرسىتىدۇ. سامانىي ھۆكۈمدارى ئىبنى فەزلاننىڭ زامانىدا خەلىپىنىڭ خۇراسان ھۆكۈمدارى ئىدى. خارەزىمشاھنىڭ بۇيەردىكى سۆزلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ خەلىپىنىڭ شىمالدىكى ئۆلكىلىرىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشنى ئارزۇ قىلمايتتى.

(36) جۇرجانىيە: بۇگۈنكى كۆنيە — ئۈركەنچ شەھىرىنىڭ كونا نامى. ئىبنى فەزلان دەۋرىدە جۇرجانىيە خارەزىمنىڭ تىجارەت مەركىزى بولۇپ، قات دىنمۇ مۇھىم ئىدى. ئازغىنە ۋاقىتتىن كېيىن مەملىكەتنىڭ پايتەختى بولغان. بۇ يەر تۈرك ئۆلكىلىرى بىلەن ئىسلام دۇنياسى ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ بىر تىجارەت مەركىزى ئىدى. بۇيەر-دىن ئوغۇز، ھازار، بۇلغار، خۇراسان، ماۋارەئۇننەھر، ھەتتا شىمالىي ۋە ئوتتۇرا ياۋروپا ئەللىرىگە، جۇڭگو ۋە ھىندىستانغا تىجارەت كارۋانلىرى ۋە كېمىلەر ماڭاتتى. بۇنىڭ بىلەن شىمالىي ئۆلكىلەر بىلەن ئىسسىق بەلۋاغ ئۆلكىلىرىنىڭ ماللىرىنى ئالماشتۇرۇش مەركىزى ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى.

(37) ئەردەقۇ: جۇرجانىيەگە بىر كۈنلۈك يىراقلىقتا، جەنۇبقا قاراپ كەتكەن يول ئۈس-تىدىكى بىر يېزا. كەردەلىكلەر ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. كەردەلىكلەرنىڭ نا-مازدىن كېيىن ئەلى بىن ئەبۇ تالىپنى قاغاشلىرى ئۇلارنىڭ جاھىل مۇتەزىلى (ئەھلى سۈننەتتىن ئايرىلغان بىر كونا ئىسلام مەزھىپى-ت) ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

(38) تاغ: تۈركچە سۆز بولۇپ، لۇغەت مەنىسى سەكسەك دەرىخى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

(39) مۇسەييەبى: يۇقىرىدا ئېيتىلغان غىترىف بىن ئاتتابنىڭ ئىنىسى مۇسەيە-يەب تەرىپىدىن باستۇرۇلغان پۇللارغا بېرىلگەن نام.

(40) رىباتى ئى زەمجان: بۇ كارۋان ساراي ھازار دېڭىزى بىلەن ئارال كۆلى ئارىسىدا ئۈست يۈرت دېگەن دۆڭلۈكتە بولۇپ، بۇ يەر ئەينى زاماندا «تۈرك دەۋازىسى» دەپمۇ تونۇلغان. بۇ يەرنىڭ سامانىيلارغا قارايدىغان بىر چېگرا قاراۋۇلى ئىكەنلىكى توغرىسىدا يۇقىرىدا ئېيتىلدى.

(41) قىت: ئىبنى ھاۋقال ۋە ئىستاخرى تەرىپىدىن قىت دەپ خاتىرىلەنگەن بۇ ئورۇن ئوغۇز ئەللىرىنىڭ كىرىش ئېغىزىدۇر.

(42) ئوغۇزلار توغرىسىدا كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى ئىزاھاتلارغا قاراڭ.

(43) رەب: كونا ئىرانلىقلارنىڭ چوڭلىرىنى «خۇدا» دېگىنىدەك، تۈركلەر ئارىسىدا چوڭلىرىغا ئاللامەنىسىدىكى ئىبارە بىلەن خىتاپ قىلاتتى. ئىبنى فەزلان تەرىپىدىن دىنسىزئىكەنلىكى ئېيتىلغان بۇ ئوغۇزلار شامانىست ئىدى. كىتابنىڭ ئاخىرىدا شامانىست رۇسلار ھەققىدىمۇ شۇ تەرىپ قوللىنىلىدۇ. ئوغۇزلارنىڭ ئىشلىرى بىلەن تونۇش بولغان چوڭلار ئارىسىدا شامانلارمۇ بار ئىدى.

(44) قىسقارتىلدى.

(45) يوق.

(46) تەسبىھ ۋە تەھلىل: «سۇبھان ئاللا» ۋە «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» ئىبارىلىرىغا بېرىلگەن قىسقىچە نام.

(47) (48) قىسقارتىلدى.

(49) كونا تۈركلەردە ماللارنىڭ بوغوزلانماي، قان ئېقىتماي ئۆلتۈرۈلىرىغانلىقى ۋە قۇربانلىق قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدايەنەشۇقىسىمدا تەپسىلىي توختىلىدۇ.

(50) قىسقارتىلدى.

(51) قۇزئەركىن: سەل تۆۋەندە شەخسەن ئىبنى فەزلان تەرىپىدىن بېرىلگەن ئىزاھاتقا قارىغاندا، «يابغۇ» نىڭ ۋەكىلىگە بۇ ئۇنۋان بېرىلەتتى. بۇسۆزنىڭ قادىرخان ياكى قۇل ئەركىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

(52) كىچىك يىنال: بۇ سۆز يابغۇنىڭ ۋەلىئەھدى (تەخت ۋارىسى) گە بېرىلگەن ئۇنۋان بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتتا ئوغۇزلارنىڭ ھەر قانداق باشلىقىغا بۇ ئۇنۋان بېرىلىشكە باشلىغان.

(53) پاي-باف: ئاياغ بىلەن ئىشلەيدىغان بىر سايمان بىلەن توقۇلغان رەخت. يەنە دىباج دېگەن سۆزنىڭ باشقىچە ئېيتىلىشى بولسا كېرەك. تابەتابەئى بۇ سۆزنىڭ تۈركچىدىكى «باي» دېگەن سۆز بىلەن پارسچىدىكى «بافت» دېگەن سۆزدىن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

(54) ياغاچ: ئوتتۇرا ئەسىر مۇئەللىپلىرى خارەزىم ۋەشىمال تەرەپتىكى ئۆلكىلەردە ياغاچ دەرىخىنىڭ يوقلىقىنى يازىدۇ.

(55) سەجدە: بۇلغارلار ۋە ھازارلاردىمۇ كۆرۈلگەن تەشەككۇر سەجدىسى بولسا بۇتپەرەسلىك ئادىتىدۇر. «ھۇدۇدۇلئالەم» ئوغۇزلارنىڭ ئەفسۇنچى پىرخۇنلىرى (شامانلار) ئالدىدا سەجدە قىلىدىغانلىقىنى يازىدۇ.

(56) (57) (58) قىسقارتىلدى.

(59) بۇ يەردە ئۆلگۈچى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشقا تەشۋىق قىلغانلار، شۇبھىسىز،
شاماندۇر. تۈركلەردە ئۆلگۈچىگە ئاتاپ قىلىنىدىغان قۇربانلىق توغرىسىدا
تۆۋەندە توختىلىدۇ.

(60) يابغۇ : ئوغۇز ھۆكۈمدارىغا ۋە قارلۇق ھۆكۈمدارىغا بېرىلگەن بۇ ئۇنۋان
«جەببۇيە»، «جەبغۇيە» شەكىللىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ ئۇنۋان بەزىدە «جەبغۇيە-
خاقان» شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. بەزى يەرلەردە بولسا خاقاننىڭ ئوغۇللىرى،
ئەرقېرىنداشلىرى ۋە يېقىن تۇغقانلىرىنىمۇ «يابغۇ» دەيدۇ.

(61) سۇ باشى : ئوغۇزلارنىڭ ھەربىي قوماندانىغا بېرىلگەن ئۇنۋان بولۇپ،
ئەسلى تېكستتە ئاڭلىتىلغىنىغا قارىغاندا، بۇ سۇ باشىنىڭ ئوغۇزلار ئىچىدىكى
ئىناۋىتى يابغۇدىنمۇ ئۈستۈن ئىدى. زەكى ۋەلىدى تۇغان بۇ يەردە ئېيتىلغان
سۇ باشىنىڭ سەلچۇقلارنىڭ ئاتىسى بولۇش ئېھتىماللىنى ئېيتىدۇ. ئىبنى ئەل
ئادىمنىڭ بىر خاتىرىسىدە ماھىيەتتە بۇنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

(62) قۇببىلىك چېدىر : تۈرك چېدىرلىرى قۇببە شەكلىدە بولاتتى. ئوتتۇرا ئەسىردە تۈرك
چېدىرلىرى پەقەت تۈركلەر تەرىپىدىن ئەمەس، باشقا قوشنىلىرى تەرىپىدىنمۇ قوللى-
نىلغان. ھەتتا پەيغەمبەر دەۋرىدە ئەرەبىستاندا تۈرك چېدىرلىرىنىڭ قوللىنىلغانلىقىغا
دائىر خاتىرىلەرگە ئىگە بولماقتىمىز. بۇ چېدىرلار ئۆيگە ئوخشاش بولۇپ، خادا
ياغاچلاردىن ياسالغان بىر جازا ئۈستىگە كىگىز قاپلاش ئۇسۇلى بىلەن ياسىلاتتى.

(63) شامانىست تۈركلەردىكى سۇنىڭ مۇقەددەسلىكىدىن كىيىم - كېچەك ۋە بەدەننى
يۇيۇشنىڭ مەنئىي قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا كىتابنىڭ ئاخىرى-
دىكى ئىزاھاتلاردىكى «جازالار» دېگەن قىسمىدا سۆزلىنىدۇ. بۇ خۇسۇس
غەربىي ھۇنلاردا ۋە ئىسكىتلاردىمۇ مەۋجۇت ئىدى.

(64) سىھىر : بۇ سۆز كۈيئوغۇل، قېيناتا ۋە قېيىنى ئىنى مەنىلىرىگە كېلىدۇ.
مۇسۇلمان بولغان بۇلغار ھۆكۈمدارى بىلەن ئوغۇز سۇ باشىنىڭ سىھرىيەت قۇرۇشى
بىر ئاز گۇمانلىق. بەلكىم بۇ سۆز بۇ يەردە ئىتتىپاقداش مەنىسىدە قوللىنىلغان
بولۇشى مۇمكىن. ھەر ھالدا، ئۇ دەۋردە ئورتاق دۈشمەنلىرى ھازارلارغا
قارشى ئوغۇزلار بىلەن بۇلغارلار ئارىسىدا زىچ مۇناسىۋەتلەر بار ئىدى. بۇنى
ياخشى بىلگەن باغداد ھۆكۈمىتى ئوغۇزلار بىلەن بۇلغارلار ئارىسىدا بۇ مۇناسى-
ۋەتلەرنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ۋە ئۇلارنى ئىسلامىيەتكە ئۆتكۈزۈشنى ئويلايتتى.
بۇنىڭ بىلەن بىللە ئوغۇزلار ئارىسىدا يىنالنىڭ پوزىتسىيىسىگە ئوخشاش ئىسلا-
مىيەتكە قارشى شىددەتلىك قارشىلىق بار ئىدى. مۇسۇلمان بولغان قىز ئەر-

كىنگە ئوغۇزلارنىڭ «مۇسۇلمان بولساڭ بىزگە باشلىق بولالمايسەن» دېيىشى بۇ قارشىلىقنى كۆرسىتىدۇ. ئەترەكمۇ بۇنى ھېسابقا ئېلىشقا مەجبۇر ئىدى. ئىسلامنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان دەۋەتكە قارشى جاۋاب بېرىشى بەلكىم بۇنىڭدىن ئىلگىرى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

(65) تارخان: سۇباشىدىن كېيىن چىققان ۋە ئېسىلزادىلەردىن ئۈستۈن بولغان كىشىگە بۇ ئۇنۋان بېرىلەتتى. ئەمەۋىلەر دەۋرىدە ماۋارە ئۇننەھردىكى مۇستەقىل بەگلىكلەرنى ئىدارە قىلىدىغان كىشىلەرمۇ تارخان دېيىلەتتى.

(66) كەلەك: ئەسلى تېكىستتە «سۇفرا» دېيىلگەن بۇ قورالنىڭ ئىچىگە نەرسىلەرنى سېلىپ، ئاغزى بوغۇپ ئېتىلگەندىن كېيىن، دەريادىن ئۆتىدىغان ئادەم بۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ. بىر ئۇلاققا چېتىلغان بۇ كەلەك ئۇلاق بىلەن بىرلىكتە دەريادىن ئۆتىدۇ. بەزىدە بۇ كەلەكلەر بەش-ئالتە كىشىلىك چوڭلۇقتا بولاتتى.

(67) قېيىن دەرىخى: تۈركلەرنىڭ مۇقەددەس دەرىخى بولغان قېيىن دەرىخى(خۇش) تۈرك ئۆلكىلىرىدە خېلى كۆپ. شامانلارنىڭ دۇمباقلىرىمۇ بۇ ياغاچتىن ياسىلاتتى. شامانىست تۈركلەر ئارىسىدا ئۆلۈكلەرنى قېيىن دەرىخىنىڭ تۈۋىگە دەپنە قىلىش ياكى جەسەتنى بۇ ياغاچتىن قىلىنغان تاختاي ئۈستىگە قويۇشنىڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكى توغرىسىدا كىتابنىڭ ئاخىرىسىدا توختالدى. بىر مۇنچە تۈرلىرى بولغان قېيىن دەرىخى قوغدىغۇچى ۋە مەرھەمەتلىك ئانا تەڭرى ئۇماي بىلەن ئۇلگىبن تەرىپىدىن يەر يۈزىگە چۈشۈرۈلگەنمىش ... ئالتايلىقلارنىڭ دۇئالىرىدا ھېمىشە «باي قېيىن» دېگەن نام تىلغا ئېلىنىدۇ. تۈركلەردە بەزى فەتىشلەر (ئىلاھلار)مۇ قېيىن ياغىچىدىن ياسىلاتتى. قېيىن دەرىخىگە قۇربانلىق ۋە يېمەكلىكلەر تەقدىم قىلىناتتى.

(68) پەچەنەكلەر: پەچەنەكلەرنىڭ ئەسلى يۇرتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. ئىبنى فەزلان ئۇلارنى يېيىق دەرياسىنىڭ شىمالىدا ئۇچراتقان. ئەبۇ دۇلەف بولسا، تېخىمۇ شەرقتە پەچەنەكلەردىن بىرتوپ كۆرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. پەچەنەكلەرنىڭ كۆپ قىسمى IX ئەسىردە هازارلارنىڭ ۋە ئوغۇزلارنىڭ بېسىمى ئاستىدا ۋولگىنىڭ غەربىگە ئۆتكەن ئىدى. بۇلار 889-يىلى ماجارلارنى تېخىمۇ غەربكە چېكىنىشكە زورلاپ، تۇناغا قەدەر سوزۇلغان جەنۇبىي روسىيە داللىرىغا تارقالدى. ئىسلام جۇغراپىيىچىلىرى غەربكە كەتكەن بۇ پەچەنەكلەر توغرىسىدا تېخىمۇ كۆپ توختىلىدۇ. بۇلار X ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا تۇنادىن ئۆتۈپ بالقانغا تارىلىپ، بىزانسنىڭ بېشىغا چوڭ بالا بولغان. ئاخىرى. XII ئەسىرنىڭ بېشىدا ئالېكسىئوس تەرىپىدىن

تارمار قىلىنىپ. قالدۇقلىرى بىزانتىس ئىمپېراتورلۇقى خىزمىتىگە ئېلىندى. ئىبنى فەزلان ۋە ئىدرىسىي ئۇلارنىڭ ساقال-بۇرۇتسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئەبۇ دۇلەف بولسا شەرقتىكى پەچەنەكلەرنىڭ ئۇزۇن ساقاللىق ۋە بۇرۇتلۇق ئىكەنلىكىنى، ئاياللار بىلەن ئاشكارا مۇناسىۋەتتە بولمىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

(69) يېيىق: ئۇرال دەرياسىنىڭ تۈركچە نامى. شامانىست تۈركلەردىكى قوغدىغۇچى ئىلاھلاردىن بىرىنىڭ نامى يېيىق بولۇپ، ئۇ ئۇرال دەرياسىنىڭ مۇقەددەسلىكى بىلەن ئالاقىدار بولۇشى مۇمكىن.

(70) باشقىرتلار: باشقىرت دېگەن سۆز كونا ئەرەب مۇئەللىپلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان باشقىرتلار ماجارلارنىمۇ بىلدۈرىدۇ. ئىبنى ھاۋقال «باشقىرتلار ئىككى خىل بولىدۇ. بىر قىسمى ئوغۇزلار بىلەن بۇلغارلار ئارىسىدا ئولتۇراقلاشقان. بۇلار ئورمانلىقلاردا ياشايدىغان ۋە بۇلغار ھۆكۈمدارىغا قارايدىغان 2000 كىشىگە يېقىن بىر گۇرۇھ كىشىلەر. باشقىرتلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەسلىدە پەچەنەكلەرگە قوشنا بولۇپ جەنۇبىي روسىيەدە ئولتۇراقلاشقان» دەيدۇ. ئىستەخرىمۇ شۇنداق تەتقىق قىلىدۇ. باشقىرت ۋە ماجار دېگەن سۆزلەر بىر-بىرىدىن ھەر قانچە پەرقلەنسىمۇ، تەتقىقاتلار كونا باشقىرتلار بىلەن ماجارلارنىڭ تىلىنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. Rubrouck نىڭ ئېيتىشىچە، XIII ئەسىردە باشقىرتلارنىڭ تىلى ماجارلارنىڭ تىلىغا ئوخشايدىكەن. بۈگۈنكى باشقىرت جۇمھۇرىيىتى ئىبنى فەزلان كۆرگەن باشقىرتلارنىڭ يۇرتىدا بولۇپ، بۇلار غەربكە كۆچكەن ماجارلارنىڭ قېپقالغان قىسمى بولۇشى مۇمكىن. ئىبنى فەزلاننىڭ بۇ يەردە باشقىرتلارنى تۈرك دەپ قوبۇل قىلىشى تامامەن توغرا. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ يەردە بىر باش سۆڭىكى قېزىلمىسى توغرىسىدىمۇ توختالغان بولۇشى كېرەك. فاللوس (ئەرلىك جىنسى ئەزاسى) غا چوقۇنۇش ۋە ئۇنى ئىككى ئىلاھ توغرىسىدا كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى ئىزاھاتلاردىن «شامانىزىم» دېگەن قىسىمدا توختىلىدۇ.

(71) بۇلغارلار ھەققىدىكى تەپسىلىي مەلۇماتنى كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى ئىزاھاتتىن كۆرۈڭ.

(72) تۆت بەگ: تۈركلەر ۋە موڭغۇللاردىكى تۆت ھۆكۈمدار تۈزۈلمىسىدىكى ئىمپېراتورلۇقنىڭ تۆت قەبىلىسى ياكى تۆت قىسمىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. چىڭگىزخاننىڭ تۆت چوڭ ئەسكىرى قوشۇنىدا كۆرۈلگىنىدەك، بۇخۇسۇس تۆت ئاساسىي نۇقتا ۋە دۇنيا ھاكىمىيىتى چۈشەنچىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىبنى فەزلان بۇ تۆت قەبىلىدىن پەقەت ئۈچىنىڭ نامىنى بېرىدۇ. تۆتىنچىسى بولسا ئىبنى ھاۋقال تەرىپىدىن ئېيتىلغان بۇرسۇلار بولۇشى مۇمكىن.

(73) نان، گۆش ۋە تېرىق: ئەلچىلىك ھەيئىتىنى كۈتۈۋېلىشتا ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققۇچىلار ئېلىپ بارغان بۇ يېمەكلىكلەر سوغات ياكى بولغارلارنىڭ ئۆز مەھسۇلاتلىرى بولۇشى مۇمكىن. تۆۋەندە رۇس سودىگەرلىرىنىڭ ئىلاھلىرىغا گۆش، سۈت، پىياز ۋە نان تەقدىم قىلغانلىقى كۆرۈلىدۇ. بەركە خاننىڭ ۋەزىرى مىسىر ئەلچىلىرى يېقىنلاپ كەلگەندە ئۇلارغا گۆش، بېلىق، سۈت قاتارلىقلارنى ئەۋەتكەن.

(74) قىسقارتىلدى.

(75) بايراق، خىلئەت، ئىگەر، سەللە: خەلىپە تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بۇ نەرسىلەر ھۆكۈمدارلىق ئالامەتلىرىدۇر. خەلىپىلەر ئىسلام ئۆلكىلىرىدىكى بىر ھۆكۈمدارنىڭ قانۇنلۇقلىقىنى ئېتىراپ قىلغاندا ئۇنىڭغا بايراق، ئىگەر، خىلئەت ۋە سەللە ئەۋەتەتتى.

(76) خەمىد بىن ئەل ئابباس: ھىجرىيە 306 — 311 - (مىلادى 923 — 918) يىللىرى خەلىپە مۇقتەدىرنىڭ ۋەزىرلىكىنى قىلغان.

(77) ئاياللارنىڭ ئومۇمىي مۇراسىملارغا قاتنىشىشى كونا تۈركلەردە ئادەت ئىدى. بۇ خۇسۇسىيەت ئەرەبلەرگە يات ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىبنى فەزلان «بۇ ئۇلارنىڭ ئادىتىدۇر» دېگەن. تۈركلەردىكى بۇ ئادەت موڭغۇللاردىمۇ كۆرۈلىدۇ. ئىبنى باتتۇتا ئۆزبېك خاننىڭ يېنىدا ئاياللىرىنىڭ ئولتۇرۇشى ۋە باشقىلارغا يالاڭباش كۆرۈنۈشىگە ھەيران بولغان.

(78) ئىبنى باتتۇتا ۋە ماركوپولو بەرگەن مەلۇماتقا قارىغاندا، موڭغۇللاردىمۇ خاننىڭ مەجلىسىدە بولغان كىشىلەرنىڭ ئايرىم ئۈستەلى ۋە داستىخىنى بار ئىدى.

(79) سۇجۇۋ، سۇجۇ: بۇ يەردە مەس قىلغۇچى بىر ئىچىملىكتىن ئارتۇق بىر شاراپنى دېمەكچى بولسا كېرەك. بال ۋە تېرىق ئىچىملىكى، يېنىكلەشتۈرۈلگەن قىمىز كونا مۇسۇلمان تۈركلەر تەرىپىدىن شاراپ دەپ قارىلاتتى. ھەزرىتى ئۆمەرمۇ سۈرىيەلىكلەرگە بالدىن ياسالغان مۇسەللەس ئىچىشكە رۇخسەت قىلغان.

(80) يەھۇدىلەردىن قوغدايدىغان قەلئە: بۇ يەردە ئېيتىلغان يەھۇدىلەر خاقانلىرى ۋە ئىدارە قىلغۇچىسى يەھۇدىي بولغان خازارلاردۇر.

(81) قىسقارتىلدى.

(82) شىمال شەپىقى: بۇ يەردە قۇياش پېتىشتىن سەل ئىلگىرى ئاسماننىڭ قىزىرىشى ۋە قىزىل بۇلۇتلار ئىچىدە جىنلارنىڭ بىر-بىرىگە سوقۇلۇشىنى ئېيتىدۇ. قۇياشنىڭ ئېگىزلىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەندە پەيدا بولغان بىر شىمال

شەپىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ...

(83) يوق

(84) ۋىسۇ: بۇلار لادوگا كۆلىنىڭ شەرقىدە، ئاقكۆل ئەتراپىدا ئولتۇرغان رۇسلارنىڭ vies قەبىلىسىدۇر ...

(85) فىندىك. مەرۋەزى: «بۇلغار ئۆلكىسىدىكى خادەنك (قېيىن) دەرەخلىرى ئارىسىدا فىندىك كۆپ» دەيدۇ. ۋولگا بويلىرىدىن ئورتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن فىندىكلار «بۇلغار» دېيىلەتتى. غولىدىن تاتلىق سۇيۇقلۇق ئېلىنىدىغان دەرەخ. شۈبھىسىز، شىكەرلىك قېيىن دەرىخىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

(86) ساھرەج: بۇ سۆز تۈركچىدىكى «ساغراق» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلىدۇر. ئىبنى رۇستەھ: «ھۆكۈمدار ھەر بىر تويدىن باج ئۈچۈن بىردىن ئات ئالىدۇ» دەيدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا ئات شەكلىدە ئېلىنىدىغان باجنى دېسە كېرەك. بۇ سۆز «ساخراخ» دەپمۇ ئوقۇلىدۇ.

(87) (88) (89) قىسقارتىلدى.

(90) قالپاق: تېكىستتە كالا نسوۋا (kalansuva) دېيىلگەن بۇ سۆز «كىگىزدىن ياسالغان ئېگىز كۆلاھ، تۈرك خەلقلىرى كىيىدىغان باش كىيىم» دەپ ئىزاھلانغان. ئىبنى رۇستەھ: «ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىگە ئوخشايدۇ» دەيدۇ، مەرۋەزى كالانسوۋا ۋە قابا (ئۇزۇن تون) لارنى تۈرك كىيىم ـ كېچەكلىرى دەپ قەيت قىلىدۇ.

(91) باش كىيىمنى ئېلىۋېتىش: بەزى ھاللاردا باش كىيىمنى ئېلىۋېتىش ئادىتى بولۇپ، تۈركلەر ئارىسىدا تارقالغان بۇ ئادەت ئىسلام ئۆلكىلىرىگە ئەسكەر بولۇپ كەلگەن تۈركلەردە ۋە موڭغۇللاردىمۇ ئۇچرايتتى.

(92) قۇببىلىك (گۈمبەزلىك) چېدىر (تۈرك چېدىرى): ئىبنى فەزلاننىڭ ئەلچىلىكى جەريانىدا بۇلغارلاردا شەھەر يوق ئىدى، ئۇلار چېدىرلاردا ئولتۇراتتى. بۇ چېدىرلار «قۇببە» ياكى «بەيت» ئىبارىلىرى بىلەن ئىپادە قىلىنىغان. قۇببە ئىبارىسى ئاساسەن يۇمىلاق، كىگىز بىلەن قاپلانغان گۈمبەزلىك ئۆينى بىلدۈرىدۇ.

(93) بۇگۈنمۇ قىرغىزلاردا بىر كىشىنىڭ ئوغۇل بالىسى تۇغۇلسا ئۆينى بوۋىسى باقىدۇ.

(94) قېرىنداشلارنىڭ ئىرسىيىتى: بىر كىشى ئۆلسە ئۇنىڭغا باللىرى ئەمەس، قېرىنداشلىرى ۋارىس بولىدىغان ئادەت anaerkil ئائىلە تۈزۈمىدىن كەلگەن، بۇ ئادەت تۈركلەردە، موڭغۇللاردا بەر بەرىلەردە ۋە ھەر خىل ئىرقلاردا كۆرۈلىدۇ. بۇنداق ئىرسىيەت پرىنسىپى سىياسىي ئىرسىيەت خوسۇسىدىمۇ ئىشلىنىدۇ.

(95) چاقماق: تۈركلەردە بولغىنىدەك، موڭغۇللاردىمۇ چاقماق چۈشكەن نەرسىلەر، هايۋانلار، ئادەملەر، قىسقىسى ھەممە نەرسە بىرمەزگىل ئۇلۇغ خاننىڭ ھەربىي گازارمىسىدىن يىراقتا تۇراتتى. بەزى شامانىستلارنىڭ چاقماق تەڭرىسىگە ئىبادەت قىلىدىغانلىقىمۇ ئېيتىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ تەڭرى يەردىكى يامانلىقلارنى كۆزىتىپ تۇرىدىكەن. ئۇيغۇرلار بولسا چاقماقنى بەخت ھېسابلايتتى.

(96) سەۋەنلىك بىلەن بىرىنى ئۆلتۈرگەن كىشىنى رۇسلارمۇ شۇنداق جازالايتتى (تەۋەنگە قاراڭ). بۇنداق جازا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان كىشىنىڭ تاسادىپىي سەۋەبلەر بىلەن قۇتۇلۇشى ياكى ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق، سوغۇق، ئىسسىقنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆلۇشى ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

(97) كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى ئىزاھاتلاردىكى «ئادەم قۇربانلىرى» دېگەن قىسمىغا قاراڭ.

(98) هالىلەجە: ۋولگىنىڭ كاما بىلەن قوشۇلغان يېرىگە يېقىن جايدىكى بۇ ئۈچ كۆلنىڭ چۈۋاشچە نامى بولۇپ، قىشلاق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

(99) ئېدىل دەرياسى بويىدا قۇرۇلغان بۇ يەرمەنكىنىڭ ئورنىدا كېيىنچە بۇلغار شەھىرى مەيدانغا كېلىدۇ.

(100) يەئجۇج ۋە مەئجۇج: قۇرئان ۋە تەۋراتتا ئېيتىلغان بۇ قەبىلىنىڭ كىملەر ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ يۇرتى ھەققىدە ھەرخىل رىۋايەتلەر بار. ھەدىسلەر ۋە دەسلەپكى ئىسلام ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا، بۇ قەبىلە تۈركلەر ۋە موڭغۇللاردۇر. ھەدىسلەردە بۇ قەبىلىگە دائىر بېرىلگەن فىزىئو نومى (چىراي شەكلى) تۈرك-موڭغۇل فىزىئو نومىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. تۈركلەرمۇسۇلمان بولۇشقا باشلىغاندىن كېيىن، يەجۇج ۋە مەجۇج ھەققىدىكى كۆز قاراشلار ئۆزگەرگەن. بۇنىڭدىن كېيىن يەئجۇج ۋە مەئجۇج تۈركلەرنىڭ شەرقى ۋە شىمالىدىكى قەبىلىلەر ئىكەنلىكى ئويلىشىلغان. هازار ۋە بۇلغارلارنىڭ رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، يەجۇج ۋە مەجۇج سلاۋلارنىڭ شىمالىدا ياشىغان ئىسكاندىنوۋىيەلىكلەردۇر. كونا ئەرەبلەر تەرىپىدىن يەئجۇج ۋە مەجۇئجىنىڭ بويى پاكار، بۇرنى پاناق، يۈزى دۈگىلەك قەبىلىلەرگە ئوخشىتىلىشىغا قارشى، شىمالنىڭ رىۋايەتلىرىدە بۇ قەبىلە ئېگىز بويلۇق كۆك كۆز، سېرىق كەلگەن ئىسكاندىناۋىيەلىكلەرگە ئوخشىتىلىدۇ. ئەرەب ۋە ئىران رىۋايەتلىرىدە بۇ قەبىلىنىڭ بىر سېپىلنىڭ كەينىدە ياشايدىغانلىقى، شىمالنىڭ رىۋايەتلىرىدە بولسا، بىر ئارالدا ياشايدىغانلىقى ۋە بېلىق بىلەن ئوزۇقلىنىدىغانلىقى ئېيتىلىدۇ. بۇلغار ئۆلكىسىدىكى شالغۇت ئادەملەرنىڭ يەئجۇج ۋە مەئجۇج ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش بۇ كۆز قاراش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

ئەبۇ خەمىد ئەل ئەندە لۇسمۇ بۇلغار ئۆلكىسىدە ئاد قەبىلىسىدىن بولغان بىر گىگانت ئادەم كۆرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

يەئجۇجۋە مەئجۇج سېپىلى ھەققىدىكى ئىشەنچلەرمۇ مانا شۇ شەكىلدە ئۆزگەرگەن. بەزىلىرى بۇ سېپىلنى دەربەند دېسە، بەزىلىرى تۆمۈر دەرۋازا، بەزىلىرى بولسا سەددىچىن دەپ چۈشەندۈرىدۇ. تەۋراتتىن ئېلىنغان بۇ چۈشەنچىنىڭ ساقالار ھۆكۈمدارى كۆك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى نەزەردە تۇتۇلغاندا، تىلغا ئېلىنغان سېپىلنىڭ دەربەند ئىكەنلىكىنى ئېيتىش مۇمكىن.

(101) جەۋشىز: قاما دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى، بۇلغار شەھىرىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلەتتى.

(102) سۇۋار: زەكى ۋەلىدى توغان بۇ ئىسىمنىڭ چۇۋاش قەبىلىسىنىڭ كونا نامى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ، بۇ ئىسىم كېيىن بۇلغار شەھىرىنىڭ يېنىدا قۇرۇلغان بىر شەھەرنىڭ نامى بولىدۇ. شەھەرنىڭ بىر جۈمە مەسچىتى بار ئىدى. ئىبنى ھاۋقال: «سۇۋار شەھىرىدە خاتىپ بولغان بىرى ماڭا بۇ ئىككى شەھەر (بۇلغار، سۇۋار) نىڭ نوپۇسىنىڭ 10 مىڭغا يېتىدىغانلىقىنى، بىنالىرىنىڭ ياغاچتىن ياسالغانلىقىنى، خەلقىنىڭ قىشتا شەھەردە ئۆيلەردە، يازدا بولسا قىرلاردا چېدىرلاردا ئولتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى» دەيدۇ.

(103) ئېسكىل: تۈت بۇلغار قەبىلىسىدىن بىرىنىڭ نامى بولۇپ، ئىبنى رۇستەھ ۋە ھودۇدۇلئالەمدە بۇ ھەقتە سۆزلىنىدۇ.

(104) بۇ يەردە ئېيتىلغان ھايۋاننىڭ خالەنج (ئاقچا ياغاچ) ئورمانلىقىدا ياشايدىغانلىقى ئېيتىلىدۇ. بۇ دەرەخ لۇغەتلەردە «قارامتۇل ئاق، قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك بىر خىل دەرەخ دەپ تەرىپلىنىدۇ. جۇۋەينى بۇ دەرەخنىڭ چىن، رۇس ۋە بۇلغار زېمىنلىرىدا ئېگىز ئۆسىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كۇل قاچىسى، تاۋاق ۋە ئوقيا ياسىلىدىغانلىقىنى ئىزاھلايدۇ.

بۇ يەردە ئېيتىلغان ھايۋاننىڭ كەركىدان ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى، شۇ چاغدا بار - يوقلۇقى توغرىسىدا ئىبنى فەزلان بىرنېمە دېيەلمىگەن. زەكى ۋەلىدى توغان بۇ ھايۋاننىڭ ھەقىقەتەن كەركىدان ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ...

(105) ئۆلۈكنى كۆمۈش: بۇلغارلار مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئۆلۈكلىرىنى بۇ ئۇسۇلدا كۆمۈشكە باشلىغان. بۇتپەرەس بۇلغارلار بولسا ئۆلۈكلىرىنى ئولتۇرغۇزۇپ كۆمەتتى.

(106) تامۇزنا رەسمىيىتى: بۇلغار ئۆلكىسىگە كەلگەن بۇ كېمىلەر ۋولگا ۋە تارماقلىرىدىن بۇلغار شەھىرى قۇرۇلغان يەردىكى يەرمەنكىگە كېلىشەتتى. ھۆكۈمدار بۇ

يەرگە كەلگەن يات كېمىلەردىكى ماللاردىن ئىستىسناسىز ئۆشرە ئالاتتى. شىمالدىن كەلگەن كېمىلەر كۆپىنچە قۇل، قاما، قارا تۈلكە، تىيىن ۋە يىلپىز تېرىلىرى، جەنۇبتىن كەلگەن كېمىلەر بولسا قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ۋە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئەكېلەتتى. شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەككى، بۇ جەرياندا ھازارلار ۋە ئۇلارنىڭ شىمالدىكى قەبىلىلەر پۇل ئورنىغا تىيىن تېرىسى ئىشلىتەتتى. ئىبنى رۇستەھ: «ئۇلار ئارىسىدا بىر تىيىن تېرىسى ئىككى يېرىم دىرھەمگە توغرا كېلىدۇ، دۈگىلەك ئاق دىرھەملەر بولسا ئىسلام ئۆلكىلىرىدىن كېلىدۇ» دەيدۇ.

(107) رۇسلار ھەققىدە كەڭ مەلۇمات كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى ئىزاھاتتا بېرىلدى.

(108) رۇسلار كېمىلەر بىلەن تىجارەتكە كەلگەن بۇ بازار بۇلغار شەھىرىگە تەۋە يەردىكى يەرمەنكىدىن باشقا يەر ئەمەس. روسىيىدىن كەلگەن بۇ سودىگەرلەر ئومۇمەن ۋارەگلەر ئىدى. ئۇلار تىجارەت ئۈچۈن بەزىدە قۇرۇقلۇق يولى بىلەن باغداتقىچە كېلەتتى. ئىبنى رۇستەھمۇ رۇسلارنىڭ ساغلام ۋە چىرايلىق كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ماركوپولو: «ئۇلار ناھايىتى چىرايلىق كېلىدۇ، ھەممىسى ئاقتەنلىك ۋە سېرىق بولغاچقا، ئەرلىرىمۇ، ئاياللىرىمۇ ئوخشاش چىرايلىق كېلىدۇ» دەيدۇ. مەسئودى، Leonblacre ۋە procopios لارنىڭ خاتىرىلىرىدىن قارىغاندا، «رۇس» سۆزى بىلەن گرېكچىدىكى «rousios» (قىزىل) سۆزى ئارىسىدىكى ئوخشاشلىق سەۋەبىدىن بىزانسلار رۇسلارنى «قىزىللار» دەيتتى. رۇسلار ئۆزىمۇ ئۆز ئىسىملىرى بىلەن ئوچۇق كاشتان رەڭگى مەنىسىنى بېرىدىغان «rusyj» دېگەن سۆز ئارىسىدا بىر سۆز ئويۇنى ئوينايدۇ. مەسئۇدى ۋە كازۋىنىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، رۇسلارنىڭ بىر قىسمى ساقاللىرىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ، بىر قىسمى بۆدرە قىلىدۇ، بىر قىسمى ئۆرىدۇ.

(109) ئىبنى فەزلان تەرىپىدىن رۇسلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ھەققىدە بېرىلگەن مەلۇمات ئىبنى رۇستەھ ۋە ئىبنى ھاۋقال بەرگەن مەلۇمات بىلەن زىت كېلىدۇ. بۇرۇن ئىبنى فەزلاننىڭ دېگىنىدەك كىيىنىدىغان رۇسلار كېيىن جۇۋا، تونغا ئوخشاش كىيىملەرنى كېيىشكە باشلىغان. ئىبنى رۇستەھ «ئۇلار ياخشى كېيىنگەن جەسۇر ئادەملەردۇر» دەيدۇ.

(110) پالتا، قىلىچ: ئىبنى مىسكەۋەيخ رۇس لەشكەرلىرىنىڭ ھەم قىلىچ ھەم پالتا، ھەرە، بولقىلار بىلەن قوراللىنىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. زەكى ۋەلىدى توغان رۇس ۋە ياۋروپالىقلار-قىلىچلىرىدىكى ZDMG.XC.29 بەلگىسى دېگەن ماقالىسىدە تەپسىلىي توختالغان.

(111) چەكمە: رۇسلارغا ئوخشاش ئىشقىتلارمۇ بەدىنىنى باشتىن ئاياغقىچە هايۋان ۋە نەرسىلەرنىڭ رەسىملىرىنىڭ چەكمىلىرى بىلەن تولدۇراتتى. ئىشقىتلاردىن قالغان مومىيالانغان جەسەتلەردە بۇ خۇسۇسىيەت تېخىمۇ ئوچۇق كۆرۈنىدۇ. بۇ چەكمىلەر بەلكىم ئۇلارنى يامانلىقتىن قوغدايدىغان فەتىشلەر (ياراتقۇچى) نىڭ سۈرەتلىرى بولسا كېرەك.

(112) هۇققا: ئەمچەك ئۈستىگە باغلىنىدىغان بۇ هۇققىلار ئاياللارنىڭ كۆكسىنىڭ ئۆز شەكلىدە تۇرۇشى ۋە بەك يوغىناپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قوللىنىلاتتى.

(113) دىرهەم: رۇسلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن دىرهەملەر ئىسلام ئۆلكىلىرىدىن كەلگەن پۇل ئىدى. بۇلغارلارغا ئوخشاش، ئۇلارمۇ پۇل ئورنىغا تىيىن، يەلپىز تېرىسى قوللىناتتى، بۇ پۇللار يۆتكەلمەيتتى، لېكىن چەت ئەللىك سودىگەرلەر بىلەن مالغا ئالماشتۇرۇلاتتى. تېرىلەرنىڭ ۋولگا بۇلغارلىرىدا پۇل ئورنىدا قوللىنىلغانلىقى توغرىسىدا ئىبنى رۇستەھ، سلاۋلاردا پۇل ئورنىدا قوللىنىلغانلىقى توغرىسىدا ئەبۇ خەمىد ئەل ئەندەلۇسى توختىلىدۇ. ماركوپولو رۇسلارنىڭ يەلپىز تېرىسىنىڭ باش قىسمىنى پارچە پۇل ئورنىدا ئىشلەتكەنلىكىنى خاتىرىلەيدۇ. نىزامىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئىسكەندەر رۇسلارنى يەڭگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تىيىن تېرىسىنى پۇل ئورنىدا قوللانغانلىقىغا هەيران بولغان. ئەمىن ئەل رازىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، رۇسلارنىڭ ئېغىرلىق ۋە ئۆلچەم بىرلىكلىرى يوق. مەسئۇدى رۇسلارنىڭ ئوغۇزلارغا ئوخشاش هېچبىر دىنىي قائىدىگە رىئايە قىلمايدىغانلىقىنى يەنى شامانىست ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

ئىبنى رۇستەھنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، كونا رۇسلار دېھقانچىلىق ۋە سانائەت بىلەن مەشغۇل بولمايدىكەن. ئۇرۇش، تىجارەت بىلەن، سلاۋلاردىن ئەپقېچىپ كەلگەن قۇللارنى سېتىش ۋە قىممەتلىك هايۋانلارنى ئوۋلاش بىلەن جان باقىدىكەن. ئىبنى هۇردادبىخ «رۇس سودىگەرلىرى كېمىلەر بىلەن ئىسلام ئۆلكىلىرىگە قىممەتلىك تېرە، چۇۋاۋە قىلىچلارنى ئەكېلىدۇ. بۇلاردىن بىر قىسمى ئاق دېڭىزغا ئۆتىدۇ، بىر قىسمى ۋولگا ۋە هازار دېڭىزى يولى بىلەن جۇرجانغا قەدەر كېلىدۇ. بەزىدە جۇرجاندىن ماللىرىنى تۆگىلەرگە يۈكلەپ باغداتقا كەلگەن ۋاقىتلىرىمۇ بار» دەيدۇ. بۇ يەردە دېيىلگەن رۇسلارمۇ دېڭىزچى قەبىلە بولغان ۋىكىڭلەر بولسا كېرەك.

(114) نان، گۆش، سۈت، پىياز ۋە شاراپ: بۇ يەردە بۇلغار شەھىرى يېنىغا جايلاشقان بازاردىكى رۇسلارغا ئائىت بىر شامانىست ئىبادەتخانىسى توغرىسىدا ئېيتىلىدۇ. جاهالەت دەۋرى ئەرەبلىرىنىڭ بۇتلىرى بار يەرلەرگە ئوخشايدىغان بۇ مەۋقەدىكى بۇتلارغا ئۇلارنىڭ تاۋىدا پىشۇرۇلغان ناننى بەرگەنلىكى كۆرۈلىدۇ.

باشتا ئېيتقىنىمىزدەك، مازارلارغا ۋە بۇتلارغا قويۇلغان بۇ يېمەكلىكلەر ناھايىتى قىممەتلىك ھېسابلانغان نەرسىدىن ياكى بىر قەبىلىنىڭ ئۆز قولىدىن چىققان مەھسۇلاتلاردىن بولاتتى. ئىبنى فەزلان زامانىدا شامانىست بولغان رۇسلار شۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا (ھىجرىيە 375 - يىلىدىن كېيىن) بىزانىسلارنىڭ تەسىرى بىلەن خرىستىئانلىقنى قوبۇل قىلغان.

شاراپ: بۇ يەردە بۇغدايدىن ياسالغان ۋە «مەرز» دېيىلىدىغان ئىچىملىكنى دېمەكچى.

(115) قۇربانلىق قىلىنغان ھايۋانلارنىڭ تېرىسى بىلەن بېشىنىڭ كۆتەك ۋە قوزۇقلارغا ئېسىلىشى، تۆۋەندە ئېيتىلغاندەك، شامانىست ئادىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. قۇربانلىق قىلىنغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى بۇتلار يەيدۇ دەيدىغان قاراش ھىندىستاندا ھازىرغىچە مەۋجۇت.

(116) كېسەللەرنى داۋالاشتا رۇسلار تەرىپىدىن قوللىنىلغان بۇ ئۇسۇل ئوغۇزلاردىكى شامانىستلارچە داۋالاش شەكلىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شامانىستلارنىڭ كېسەل داۋالىشى توغرىسىدا تۆۋەندە توختىلىمىز. ھەرۇللەر ئارىسىدا بولسا كېسەللەر ئۆلتۈرۈلەتتى.

(117) رۇسلاردا ئۆلۈكلەرنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى مىلادى XI ئەسىرگە قەدەر داۋاملاشقان، مىلادىدىن كېيىن دەسلەپكى مىڭ يىل ئىچىدە رۇسلاردا ئۆلۈكلەرنى كۆيدۈرۈش ۋە كۆمۈش ئادەتلىرى تەڭ داۋاملاشقان. XIII ئەسىرگە ئائىت بىر پارىسچە ماتېرىيالدا رۇسلاردىن بىر قىسمىنىڭ ئۆلۈكلىرى ئۆرە تۇرغۇزۇپ كۆمۈلىدىغانلىقى مەلۇم. رۇسلاردا كۆرۈلگەن بۇنداق كۆمۈش شەكىللىرى تۈركلەردە بولغىنىدەك شامانىست ئادىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

(118) ئۆلۈك قېيىقلىرى ۋە كېمىلىرى: مېيىتنى قېيىق ياكى كېمىگە سېلىش ئادىتى فىن، ئىسكاندىناۋىيە، ۋە ئۇرال - ئالتاي قەبىلىلىرىدە ئۇچرايدۇ. بۇ توغرىدا مىسىر ئەپسانىلىرىدىمۇ توختىلىدۇ.

(119) رۇسلارنىڭ ئىچىملىككە بېرىلىشى بۈگۈنمۇ مەشھۇردۇر. كونا رۇسلاردا ياسالغان ئورتاق ئىچىملىك توغرىسىدا ماركو پولومۇ توختىلىدۇ. ئىبنى رۇستەم ئۆلۈك كۆيدۈرۈلگەندە رەببى تەرىپىدىن ئۇنىڭ گۇناھىنىڭ مەغپىرەت قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن كونا سلاۋلارنىڭ نەغمە ناۋا قىلغانلىقلىرىنى ئېيتىدۇ. ئاتىللانىڭ دەپنە مۇراسىمى ئاخىرىدا ھۇنلارمۇ شۇنداق قىلغان.

(120) قىز قۇربانى: ئاقساقاللىرىنىڭ ياكى ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئۆلۈمىگە مەجبۇرىي ياكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ياش قىزلارنى قۇربان قىلىشنىڭ بىر مۇنچە

ئۆلگىلىرى بار، بۇ توغرىدا تۆۋەندە تەپسىلىي بايان قىلىدۇ، بۇ يەردە ئېيتىلغان ياش-قىز بىر جارىيە (قۇل) ياكى ھۆر قىز بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئەرەبچىدە جارىيە دېگەن سۆز ياش ھۆر قىزلارغىمۇ قوللىنىلىدۇ، ئىبنى رۇستەھ بۇ توغرىدا شۇنداق دەيدۇ:

«بىر ئادەم ئۆلسە، ئۇنى ۋە خوتۇنىنى ئوتتا كۆيدۈرىدۇ. ئاياللىرىدىن بىرى ئۆلسە قول ۋە يۈزىنى پىچاق بىلەن تىلىدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتى كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن، ئەتىسى ئەتىگەندە بېرىپ، كۆيدۈرۈلگەن يەردىن كۈلىنى ئەپكېلىدۇ، بۇلارنى بىر ساپال قاچىغا سېلىپ بىر دۆڭنىڭ ئۈستىدە ساقلايدۇ. ئۆلۈمدىن بىر يىل كېيىن، 20 كۈپ ئەتراپىدا بال ئېلىپ ھېلىقى دۆڭنىڭ يېنىغا بارىدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلە ئەزالىرى مازارنىڭ بېشىغا توپلىنىپ بال ۋە باشقا نەرسىلەرنى يەپ- ئىچىپ قايتىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۆلۈكنىڭ ئۈچ خوتۇنى بولسا ۋە بۇلاردىن بىرى ئۇنى ھەممىدىن ياخشى كۆرسە، مازارنىڭ يېنىغا ئىككى خادا ياغاچ ئەپكېلىپ تۇپراققا تىكىدۇ. كېيىن ئۈچىنچى ياغاچنى ھېلىقى ئىككى خادا ياغاچنىڭ ئۇچىغا توغرىسىغا باغلاپ، بۇ يا- غاچنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر يىپ باغلاپ، يىپنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى بويىنىغا باغلايدۇ. بۇ جەرياندا بىر ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئايالنىڭ ئىشلىرى پۈتكەن- دە، ئايىغىدىكى ئورۇندۇق ئېلىۋېتىلىدۇ. ئۇ ئايال بوغۇلۇپ ئۆلگىچە شۇنداق ئېسىلىپ تۇرىدۇ. ئۆلگەندە ئېلىپ ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈلىدۇ.»

يەنە شۇ مۇئەللىپ رۇسلاردا تۇل قالغان ئايالنىڭ ئېرى بىلەن بىللە مازارغا تېرىك كۆمۈلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ ئادەتنىڭ ئىسقىتلاردا، مۇغۇللاردا كەڭ تارقالغانلىقى توغرىسىدا تۆۋەندە بايان قىلىنىدۇ.

(121) كۆيدۈرۈلىدىغان قىزغا خىزمەت قىلغان ئىككى ياش قىز جارىيە ئەمەس، باشتا ئېيتىلغاندەك «ئۆلۈم پەرىشتىسى» نامى بېرىلگەن قېرى خوتۇننىڭ قىزلىرىدۇر.

(122) ئۆلۈم پەرىشتىسى دېيىلگەن قېرى خوتۇن، شۈبھىسىز، گېرمان ئۆلۈم ئىلاھى ھېلنىڭ ئادەمگە ئايلاندۇرۇلغان شەكلىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

(123) ئۆلۈككە تەقدىم قىلىنغان قۇربانلار: بۇ يەردە ئۆلۈككە نان، گۆش ۋە پىياز سېلىنغان تاۋا نېنى پىشۇرۇلىدىغانلىقى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ھايۋانلارنى قۇربان قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. رۇسلاردا ئۆلۈككە ھەر خىل ھايۋانلار ۋە ئادەملەر قۇربان قىلىناتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەمچەكتىن ئايرىلمىغان بالىلارنىڭ، خورازنىڭ ۋە ئىتنىڭ قۇربان قىلىنىشىمۇ دىققەتنى جەلپ قىلىدۇ. Leonbiacre نىڭ ئېيتىشىغا

قارىغاندا، رۇسلار Dorystolon ئۇرۇشىدىن كېيىن تۇنادا بوۋاق باللارنى ۋە خورازلارنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قۇربان قىلغان. كونستانتىن porphyrogenetus نىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، رۇسلار قارا دېڭىزغا ساياھەتكە چىققاندا خوراز قۇربانلىق قىلاتتى. بۇلغار كرالى قۇرۇم ئىمپېراتور ۋ. لېئون بىلەن مۇزاكىرى-لەشكەندە، ئالتۇن دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئىت، ئادەم، ئۆي ھايۋانلىرى ۋە چوشقىلارنى قۇربانلىق قىلغان.

(124) بۇ چېدىرلاردىكى ئادەملەر ئۆلگۈچىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىدۇر. قۇربان بولىدىغان جارىيە بىلەن ئۆلگۈچىنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇشى بۇ يەردە بىر ئۆلۈك تويى ھەققىدە بايان قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەسئۇدى رۇسلاردىكى بۇ ئۆلۈك تويى ئادىتىنى بىلەتتى. موڭغۇللاردىمۇ بۇنىڭ بىر مۇنچە ئۆلگىلىرى ئۇچرايدۇ. كوۋالېۋسكىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بۇيەردە گورۇپپا ھالىتىدە توي قىلىش ئادىتىنىڭ قالدۇقلىرىمۇ كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ يەردە جىيەنلەر ۋە يېقىن تۇغقانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان قېرىنداشلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن توي قىلىش ئادىتىنىڭمۇ بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

(125) دەرۋازا كېشىكىگە ئوخشايدىغان نەرسە قۇربان قىلىنىدىغان جارىيە بارىدىغان ئۇ دۇنيانىڭ دەرۋازىسىنىڭ سىمۋولى بولسا كېرەك. قىزنىڭ سۆزلىگەن سۆزلىرى ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن كېيىن بارىدىغان ئالەمنى ھەقىقەتەن كۆرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ياشىغان مۇھىتى، كەيپىنىڭ ۋە ئىلگىرى ئاڭلىغان ھېكايىلەر ئۇنىڭ كۆزىگە شۇ نەرسىلەرنى كۆرسەتكەن. بۇ كېشەك تەسەۋۋۇرى ئۇ دۇنياغا قارالغان سېھىرلىك رۇجەك تەسەۋۋۇرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

(126) قىسقارتىلدى.

(127) «جەننەت بوستانلىرى ئىچىدە ياخشى بىر يەر»: جەننەتنىڭ باغۇ بوستانلىق بىر يەر دەپ تەسۋىرلىنىشى ئومۇمىي كۆز قاراشتۇر.

(128) قىزنىڭ دوستلىرى بىلەن خوشلىشىشى توي قىلىشىمۇ، ئۆلۈمىگىمۇ باب كېلىدۇ. يەنى ئېرى بىلەن توي قىلغانلىقى ئۈچۈن دوستلىرىدىن ئايرىلىپ باشقا بىر مۇھىتقا كېتىدۇ. ئەمىن ئەل رازى بۇ يەردە «ئېرى قونغان چېدىرنىڭ ...» دېگەن ئىبارىنى ئىشلەتكەن. بۇ ئىبارە ئۆلۈك تويى توغرىسىداتو ختالغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ.

(129) قالقانلارغا ئۇرۇشنىڭ سەۋەبى، جانلىقلار ئۆلۈكنىڭ يېنىغا ياد ئېتىپ كېلىپ، ئۆلۈكنىڭ روھىنى قوغلاش، توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۆلۈكنىڭ ھۇزۇرىدا بول-

دىغان جۇپلەشىش مۇراسىمىنى بۇزۇشقا كېلىدىغان پۈتۈن روھلارنى قورقىتىش
ئۈچۈنـدۇر.

(130) بـۇ يەردە ئۆلۈكنىڭ ئەڭ يېقىن ئەر تۇققىنـى دېيىلـگەن كىشـى، شـۇبـﯩـﯔ،
جارىيە بىلەن مۇناسىۋەتتە بولغان تۇغقانلاردىن بىرىدۇر.

(131) كونا تۈركلەردە، شىمالدىكى گېرمانلاردا ۋە ھىندۇلاردا قاتتىق بورانىنىڭ ئۇـ
تنى تۇتاشتۇرۇشى ۋە يېقىلغان گۇلخانىنىڭ ئىگىز ئۆرلەپ كۆيۈشـى كۆيدۈرۈلـ
گەن ئـۆلۈكنىڭ جەننەتكە كـىرىدىغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

(132) رۇس ھۆكۈمدارى ھەققىدە بۇ يەردە ئېيتىلغانلار كونا ئوغۇزلارنىـڭ خاقـانـى
توققـۇز ئوغـۇز خاقانى ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلارغا ناھايىتى ئوخشايدۇ. بۇ
يەردە ئېيتىلغان ھۆكۈمدار رۇس خاقانىدۇر، رۇسلاردا دۆلەت ئىشلىرىنى بۇخاقانـ
ىنىڭ ۋەكىلى ئىدارە قىلاتتى. بۇ يەردە ئېيتىلغان400 كىشىلىك مۇھاپىزەت قوشۇنى
توققۇزئوغۇزخاقانىنىڭ مۇھاپىزەت قوشۇنىنى ۋەۋارەگلەرنىڭ دروژىناسىنى چۈشەنـ
دۈرىدۇ، رۇس كىرالىنىڭ بوشاڭلىقى ھەققىدە بېرىلگەن مەلۇماتلارمۇ رۇس خاقانىغا
ئائىت بولسا كېرەك. رۇس خاقانىنىڭ خەلىپىسى ھەققىدە بېرىلگەن مەلۇماتمۇ ھازار
لاردىكى خاقان بەگ ھەققىدە بېرىلگەن مەلۇماتلارغا ناھايىتى ئوخشايدۇ.

(133) ھـازارلار ھەققىدىكى تەپـسىلىي مەلۇمات توغرىسىدا كىتابىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىزاـ
ھاتقا قاراڭ.

(134) بۇ يـەردە ھازار خاقانى ھەقـقىدە بېرىلـگەن مەلۇماتلار بەزى جۇغراپىيە
كىتابلىرىدا ئۇيغۇر خاقانى ۋە كونا ئوغۇزلارنىڭ خاقانىغا دائىر بېرىلگەن مەلۇماتـ
لارغا ناھايىتى ئوخشايدۇ. ئۇلارمۇ پەقەت تۆت ئايدا بىرقېتىم خەلق ئىچىگە چىقاتـ
تى. ھازار خاقانىنى كـۆرگەن تۈركلەرنىڭ ۋە قوشنا مىللەتلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن
ئۇرۇش قـىلماسلىقى تۈركلەردىكى خاقانىنى ئاسماندىن چۈشكەن دېگەن قاراش
بىلەن مۇناسـىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

(135) خـاقان بـەگ ھەقـقىدىكى كـەڭ مەلۇمات كىتابىنىڭ ئاخىرىدىكى ئـىزاھاتـتا
بېرىـلدى.

(136) كۈندۈر خاقان: بىرئۇنۋان بولغان بۇ سۆزنىڭ ماجار كىرالى (پـادىشاھى)
نىڭ ئۇنۋانى بولغان «كۈندۈ» ياكى «كۈندە» بىلەن ئوخشاش سۆز بولۇشىمۇمـ
كىن. ئىسھاق بىن كۈنداجىقىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى (ياكى ئۇنۋانى) بۇ سۆزنىڭ
كىچىكلىتىلـگەن شـەكلىدۇر. zajackowski بۇ سۆزنىڭ «قازى» مەنىسىگە
يـېقىن كـېلىـدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

(137) چاۋاشىنگىر: بۇ ئۇنۋان مەتىندە، قانداق ئەمەلدارلىقنى كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بېرىلمىگەن. پارسچە سۆز بولغان «چاشنىگىر» تۈركچە «چاۋۇش» (ھەربىي ئەمەلدار) بولۇشى ياكى پارسچە «گىر» سۆزىدىن ياسالغان بىر سۆز بولۇشى مۇمكىن.

(138) بۇ يەردە ھازار خاقانىنىڭ كۆمۈلگەنلىكى ئېيتىلغان دەريا ئېدىل (ۋولگا) دەرياسى بولۇپ، ۋدزىگوت كىرالى ئالارىك ۋە ئاتىللانىڭ مازارلىرىمۇ دەريانىڭ تېگىگە ياسالغان. ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئۆلۈكلىرىنى جەيھۇن دەرياسىغا كۆمگەنلىكى بولسا ئەل بەرۇنى خەۋەر قىلىدۇ. ھازار خاقانىنىڭ مازارىنى ياسىغانلار ۋە ئۇلارنى كۆمگەنلەرمۇ ئۆلتۈرۈلگەن.

(139) ھازار خاقانىنىڭ تەبىئەسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىسمىدا ئەمىن ئەل رازى شۇنداق دەيدۇ: «ھازار ئۆلكىسىمۇ تۈرك ئۆلكىلىرىدىن بىرىدۇر، بۇيەردە ئولتۇرغانلار ئىنتايىن گۈزەل ۋە سۆيۈملۈك كىشىلەردۇر. ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى قىرىق يىلدىن ئاشسا ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىدۇ. دىنلىرى بولسا كېچە، كۈندۈز، شامال، يەر، ئاسمان ۋە ھەر بىر نەرسىنى بىر ئىلاھىي قۇدرەتكە تەئەللۇق دېيىشتىن ئىبارەت. بىراق ئاسمان تەڭرىسى باشقا تەڭرىلەردىنمۇ ئۇلۇغدۇر.» بۇپارچە ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى تەرىپىدىن كونا كىتابلاردىن ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن، بۇ بۇتپەرەس ھازارلارنىڭ دىنىغا دائىر بېرىلگەن مەلۇماتقا ئوخشايدۇ ۋەشامانىزىمدۇر.

(140) ھازار خاقانىنىڭ سىياسىي ئىقتىدارى توغرىسىدا زەكى ۋەلىدى توغان شۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقىي ئىقتىداردىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولغان بۇ خاقان ئەينى زاماندا پۈتۈنلەي ھەقىقىي ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى. بۇمۇ مۇتلەق بىر ھۆكۈمرانىنىڭ ئىقتىدارىدۇر، ئۇنىڭ پادىشاھلىقى شامانى كۆچمەن قەبىلىلەردە بولغىنىدەك مۇقەددەس بىر خاراكتېرگە ئىگە. بۇ قەبىلىلەردە پادىشاھ تامامەن خەلقتىن ئايرىلغان. ئۇ ئىلاھ ئورنىدىكى ھۆكۈمدار بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ قارارلىرى ئېتىرازسىز ۋە مۇتلەق ئىتائەت بىلەن قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ خۇسۇسىيەت تۈرك-موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ تەبىئىتىدە مەۋجۇتتۇر.

(141) ئېدىل شەھىرى ھەققىدىكى كەڭ مەلۇمات توغرىسىدا كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى ئىزاھاتقا قاراڭ.

(142) قىسقارتىلدى.

(143) مەسچىت: ئىبنى فەزلان زامانىدا بىرلا مەسچىت بولغان بولسا، مەسئۇدى زامانىدا ئوتتۇزغا يەتكەن.

(144) دار ئەل بابۇنەج: بۇ يەرنىڭمۇ قەيەردە ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس. هازارلارنىڭ هارۇن ئەل رەشىد دەۋرىدە يەھۇدىلىقنى قوبۇل قىلغانلىقى توغرىسىدا يۇقىرىدا توختالغان ئىدۇق. ئىبنى فەزلان زامانىدا هازار ئۆلكىسىدە ئازسانلىق بولغان مۇسۇلمانلار ئىبنى رۇستەھ ۋە ئىبنى هاۋقال زامانلىرىدا كۆپ سانلىققا ئايلانغان ئىدى. ئىدىل، سەمەندەر، خان بېلىق ۋە سارىگشەن شەھەرلىرىدە كۆپچىلىك مۇسۇلمان جامائەتلىرى مەيدانغا كەلگەن ئىدى. مۇسۇلمانلار يەھۇدىلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ كۆپ ئىدى، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، خەلق شامانىي ئادەتلىرىنى تېخىچە تاشلىمىغان ئىدى.

ئەبۇ دۇلەفنىڭ «رىسالە» سىدىن تۈرك ئۆلكىلىرى بىلەن
مۇناسىۋەتلىك قىسمىنىڭ تەرجىمىسى ئىچىدىكى ئىزاھلار

(145) قورئان 9، 30، 12، 109، 21، 40 ...

(146) بۇ هۆكۈمدارنىڭ كىم ئىكەنلىكى ئېنىق ئىسپاتلانمىغان. بۇنىڭ بىر چىن خاندانى ئىكەنلىكى قوبۇل قىلىنسا، 907 — 960 - يىللىرى ئارىسىدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەينىدىن ئارقا-ئارقىدىن يىقىلغان بەش سۇلالىدىن بىرىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ياكى ئاپا ئۇ تەرىپىدىن قۇرۇلغان خىتائى سۇلالىسىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئويلىشىشقا بولىدۇ. بۇ شەخسنىڭ چىن خاندانى ئەمەس، چىننىڭ باشقا يەرلىرىدە هۆكۈم سۈرگەن هۆكۈمدارلاردىن بىرى ياكى بىر ۋىلايەت ۋالىيسى ئىكەنلىكىنىمۇ ئويلىشىشقا بولىدۇ.

(147) بۇ سۆز بىلەن قاراخانىلارنىڭ پايتەختى ئوردۇ كەنت (قەشقەر) كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن. بىر ئازدىن كېيىن قارا خىنلاردىن بۇغراچ قەبىلىسى نامى بىلەن تەكرار بايان قىلىنىدۇ.

(148) بۇ شەھەرنى ئېنىقلاش مۇمكىن بولمىدى.

(149) بۇقەبىلە ماتېرىياللاردا ئۇچرىمايدۇ. بۇ ئىسمىنىڭ گەردىزىدە چىن يولى ئۈستىدە ئىكەنلىكى ئېيتىلغان كۇچا شەھىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان-بولمىغانلىقىنى ئويلىشىشقا بولىدۇ. ئەبۇ دۇلەف بۇ قەبىلىنىڭ ئۆز كۆزنى مۇقەددەس بىلىدىغانلىقىنى، ئۇ يەردە ئەنجۈر بولىدىغانلىقىنىلا ئېيتىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، قەبىلە خەلقىنىڭ هىندۇ ئىكەنلىكىنى، ئەبۇ دۇلەفنىڭ بۇ يەردە ئارىلاشتۇرۇپ قويغانلىقىنى ئويلىشىشقا بولىدۇ.

(150) ئۆكۈزنىڭ مۇقەددەس بىر هايۋان دەپ قوبۇل قىلىنىشى بۈگۈنكى كۈندە هىندىلار ئارىسىدا مەۋجۇت.

(151) ئەبۇ دۇلەف پەچەنەكلەرنى، ئىبنى فەزلاننىڭ دەل ئەكسىچە، باي ۋە ساقال-بۇرۇتلۇق دەپ تەسۋىرلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆلكىسى ھەققىدە بەرگەن ئىزاھات توغرىدۇر. پەچەنەكلەرنىڭ چىن يولىغا ناھايىتى يىراق جايدا ئولتۇراقلاشقانلىقىغا قارىغاندا، مۇئەللىپنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆلكىسىدىن ئۆتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ، چىن يولى ئۈستىدە بىر پەچەنەك توپىنىڭ ياشىغانلىقى ئېقىلغا مۇۋاپىق.

(152) خۇدۇدۇلئالەمدىكى خەرىتىدە چىغىللار قارلۇقلارنىڭ شەرقىدە كۆرسىتىلىدۇ. مەھمۇت قەشقىرى تالاسنىڭ يېنىدىكى چىغىل شەھىرىدە، قەشقەر يېنىدىكى كۆچە چىغىل يېزىسىدا ئولتۇراقلاشقانلار بىلەن قۇياش شەھىرى يېنىدا ياشايدىغان چىغىللار توغرىسىدا توختىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، جەيھۇن بىلەن يۇقىرى چىن ئارىسىدىكى تۈركلەرگە ئوغۇزلارنىڭ چىغىل نامى بەرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. قاراخانىلارنىڭ ھەربىي قوشۇنىنىڭ ئاساسىنى چىغىللار تەشكىل قىلاتتى. مەرۋەزىنىڭ دېگىنىدەك، چىغىللار قارلۇقلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. كونا ئىران ئەدەبىياتىدا چىغىل گۈزەللىرى مەشھۇردۇر.

(153) بۇغراچ قەبىلىسى بىلەن قاراخانىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەبۇ دۇلەفنىڭ ساياھىتى ئابدۇلكېرىم ساتۇق بۇغراخان دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ، بۇ دەۋردە قاراخانىلار مۇسۇلمان ئىدى. لېكىن ئالەۋى ئەمەس، سۈننى ۋە ھەنەفى ئىدى، ئەبۇ دۇلەف ئۇلارنىڭ ئەلى بىن ئەبۇ تالىپ نەسلىدىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ، بۇ ھەقتە ساتۇق بۇغراخان داستانىدىمۇ توختىلىدۇ، بىراق، بۇ پىكىر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس.

(154) يەھيا بىن زەيد دادىسى بىلەن بىرلىكتە ئەمەۋىلەرگە قارشى چىققان 122 (مىلادى 740) -يىلى دادىسىنىڭ كۇفەدە قۇربان بولۇشى بىلەن خوراسانغا قاچقان، ئۇ يەردە ئەمەۋىلەرگە قارشى كۈرەش جەريانىدا 125 (مىلادى 742) -يىلى جوزجاندا ئۆلتۈرۈلگەن.

(155) زەيد بىن ئەلى بىن ئەل ھۇسەيىن بىن ئەلى بىن ئەبۇ تالىپ شىئەمىن زەيدىيىيە قوشۇنىنىڭ قورغۇچىسىدۇر، ئۇ ئەمەۋىلەرگە قارشى ئىسيان كۆتەرگەن، ھىجرىيە 122 (مىلادى 740) -يىلى ئەمەۋىلەرنىڭ ئىراق ۋالىيسى تەرىپىدىن كۇفەدە ئۆلتۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى خاتىرىدە ئېيتىلغان يەھيانىڭ دادىسى بولۇپ، مەزھىپى بۈگۈن يەمەندە رەسمىي مەزھەپتۇر.

(156) ئەبۇدۇلەف تىبەت دېگەن بۇ يەر ماۋارەئۇننەھر - چىن يولى ئۈستىدىكى بىر ۋادا بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى بۇ يول ئەتراپىدا ھەر خىل دىنلار تارالغان.

لېكىن. بۇنىڭدىن كېيىنكى پاراگرافتا قىماقلار بايان قىلىنغاندا تىببەتلىكلەرگە
ئائىت ئادەتلەرنى تىلغا ئېلىش مۇئەللىپىنىڭ تىببەتنى بىلىش ئېھتىماللىنى ئارتتۇرىدۇ.
(157) باشقا مۇئەللىپلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، قىماقلار شىمالدا ياشايتتى. قىماقلا
ئىكى، ئىماق، تاتار، بايەندۇر، قىپچاق، نىلگاز ۋە ئەجلاد قاتارلىق يەتتە قەبى-
لىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر فېدراتسىيە ئىدى. مارچۇ ئارتنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا،
قىماق دېگەن سۆز ئىكى بىلەن ئىماقنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، فىدراتسىيىنىڭ
دەسلەپكى ئىككى قەبىلىسىنىڭ نامىنىڭ قوشۇلمىسىدۇر. قىماقلارنىڭ ئورنى
زادى ئېنىق ئەمەس، ماتېرىياللار ئۇلارنىڭ كۆچمەن بولۇپ، قىشتا قىشلاق-
لارغا، يازدا يايلاقلارغا كېتىدىغانلىقىنى ۋە ئورۇن ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغان-
لىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئۇلار ئوبىدىن ئېرتىشكە قەدەر سوزۇلغان جايلاردا ياشاي-
تتى. ئەمەلىيەتتە، گەردىزىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، قىماقلار ئېرتىش دەرياسىغا
چوقۇناتتى. بۇلارنىڭ باشلىقى تۇتۇق دېيىلەتتى. ياقۇت بولسا ئۇلارنىڭ چىن
چېگرىسىدا ياشايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، مارچۇئارت ئەبۇ دۇلەفنىڭ قىماقلار
ھەققىدە يازغانلىرىنىڭ تىببەتلىكلەرگە بەكرەك ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.
(158) يامغۇر ياغدۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلغان بۇ تاش خاتىرە بولۇشى كېرەك. بۇ تاش
توغرىسىدا ياكۇت ۋە مەھمۇت قەشقىرىمۇ توختىلىدۇ. بۇ تاش بۇ قەبىلىگە مەخ-
سۇس ئەمەس. شامانىست تۈركلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان.
(159) بۇ يەردە ئېيتىلغان ئوغۇزلار شەرق ئوغۇزلىرى ئىدى. بۇلار غەرب ئوغۇزلىرىغا
نىسبەتەن تېخىمۇ مەدەنى ئىدى. ئۇنداق بولمىغاندا ئەبۇ دۇلەف بۇ يەردە
توققۇز ئوغۇزلار توغرىسىدا توختالمىغان بولاتتى. ئەمەلىيەتتە گەردىزىمۇ
«ئوغۇزلار چىنلىقلارنىڭ قوشنىلىرىدۇر» دېگەن.
(160) توققۇز ئوغۇزلار: ئورخۇن ئابىدىلىرىدە بۇ تەبىر ئۇچرايدۇ. لېكىن ئىسلام مۇئەللى-
پلىرى توققۇز ئوغۇزلار بىلەن ئومۇمەن بېشبالىق ئۇيغۇرلىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ.
ئەلۋەتتە، بۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا توققۇز ئوغۇزلار بار ئىدى. لېكىن ھاكىم ئورۇندا
ئۇيغۇرلار تۇراتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلكىسى ۋە ئۇ يەردىكى ھەر خىل دىنلار
ھەققىدە ئىسلام جۇغراپىيىچىلىرى خېلى كۆپ مەلۇماتلارنى بېرىدۇ، جاھىز
بۇرۇن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ قارلۇقلارنى يەڭگەندە مانى دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى
ئۈچۈن قەھرىمانلىقلىرىنىڭ مەھكۇم بولغانلىقىنى، قارلۇقلارغا مەغلۇپ بولۇشقا
باشلىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ، ئەبۇ دۇلەف بۇ يەردە توققۇز ئوغۇزلار دېگەن قەبىلە
ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكى ئۈچۈندۇر، ئۇيغۇرلار تۈرك مەدەنىيىتى تارىخىدا مۇھىم رول

ئوينىغان، پەقەت موڭغۇللار دەۋرىدە ئوتتۇرىدىن قالدۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ موڭغۇل مەدەنىيىتىدىكى تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈكتۇر، دەيدۇ. تۈركلەر ئارىسىدا ھايۋانلارنى بوغۇزلىماستىن، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن قۇربانلىق قىلىشى ۋە ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنى بۇ شەكىلدە ئۆلتۈرۈپ يېيىشىنىڭ كەڭ تارقالغانلىقى توغرىسىدا تۆۋەندە توختىلىدۇ.

(161) بىرىنچى قېتىم مىلادىدىن ئىلگىرى 201 - يىلى چىن ماتېرىياللىرىدا بايان قىلىنغان قىرغىزلار يۇقىرىقى يېنىسەيدىكى سايان تاغلىرىنىڭ شىمالىدا ياشايتتى. ئىسلام ماتېرىياللىرىنىڭ ۋە چىنلىقلارنىڭ تەرىپلىرىگە قارىغاندا، قىرغىزلار كۆك كۆز، سېرىق چاچلىق، ئاقتەنلىك كېلىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، تۈركلەشكەن يېنىسەي ئوستياقلىرى بولسا كېرەك. 750 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرگەن، لېكىن 840 - يىلى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۇيغۇرلار ۋە توققۇز ئوغۇزلارنى موڭغۇلىستاندىن قوغلىۋەتكەن، ئۇلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان بۇ يېڭى دۆلەت 917 - يىلى خىتايلار تەرىپىدىن بىكار قىلىنغان. ئىسلام ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا، قىرغىز ئۆلكىسى ئولتۇراقلىشىشقا قولايلىق بولمىغان شىمالدىكى ئۆلكىلەرگە ۋە ئۇلۇغ ئوكيانغا قەدەر سوزۇلاتتى. غەربتە بىر تاغ ئۇلارنى قىماقلاردىن ئايرىپ تۇراتتى. يەنى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ شىمالىدا ئىدى. قىرغىزلار خېلى كېيىن موڭغۇللارنىڭ ئىستىلاسىغا ئۇچرىغان. بۈگۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارايدىغان بىر قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى بار.

(162) قارلۇقلار 745 - يىلى كۆك تۈركلەرنى يىقىتىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلغان ئىدى. ھىجرىيە 133 - (مىلادى 751) يىلى مۇسۇلمانلار بىلەن چىنلىقلار ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن تالاس ئۇرۇشىدا ئۇلارنى مۇسۇلمانلار تەرىپىدە كۆرىمىز. ئۇلار بۇ ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلىش بىلەن ئىسلامىيەتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەتتا چىندا تارقىلىشىغا ياردەم قىلغان. بۇنىڭ كەينىدىنلا ئۇلارنىڭ 766 - يىلى سۇيئاب ۋە تالاسنى ئىشغال قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. باشتا ئېيتقىنىمىزدەك، جاھىز ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا قوشۇلغان - قوشۇلمىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ. گەردىزى قارلۇقلار بىلەن يابغۇلۇقلار (يەنىلا بىر تۈپ قارلۇقلار بولۇشى كېرەك) ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە باغلايدۇ. ئاۋفى ئۇلارنىڭ تولىس تېغىدا ئولتۇراقلاشقانلىقىنى، بۇرۇن توققۇز ئوغۇزلارغا قارايدىغانلىقىنى، ئۇلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، تۈركىستاننىڭ بىر قىسمىنى بېسىۋالغانلىقىنى ئېيتىدۇ ۋە شۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىسلام دىيارىغىمۇ كەلدى. ماۋارەئۇننەھردىكى بەزى شەھەرلەردە ئۇلار ئولتۇراقلاشقان ئىدى. قارلۇقلار توققۇز قەبىلە بولۇپ، ئۈچى چىغىل، ئۈچى خەسكى، قالغانلىرى بولسا بەدۋا، كىمۋالىن ۋە تۇخسىن قەبىلىلىرىدىن ئىبارەت. قاراخانىلار

قارلۇقلار بىلەن چىغىللارنىڭ قولىدا بولغان چۇ دەرياسى ۋادىسىغا ھۇجۇم قىلغان. قارلۇقلارنىڭ باشقا بىر توپى يابغۇلۇقلارنىڭ ئەمرى ئاستىدا يۇقىرى تۇخارىستاندا جەيھۇننىڭ جەنۇبىدا ياشايتتى. X ئەسىردە ئىسخىجابتىن ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىغىچە بولغان يەرلەردە قارلۇقلارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن ئىدى.

ئەبۇ دۇلەف بۇ يەردە قارلۇقلارنى خېلى شەرق تەرەپتە كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە قارلۇق ئاياللىرى ھەققىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن پىكىرلەر ئۇلارنىڭ بەزى قەبىلىلىرىگە خاس بولۇشى مۇمكىن. ئوتتۇر ئاسىيا قەبىلىلىرى ھەققىدە بۇنىڭغا ئوخشاش پىكىرلەرنى ئۇچرىتىمىز، ئىبنى ئەل فاكىھ سۇقۇپ شەھىرى خەلقى توغرىسىدا. ماركوپولو شەرقى تۈركىستاندىكى قۇمۇل ۋە چىنىنىڭ قايىندى ۋىلايىتى ئاھالىلىرى توغرىسىدىمۇ مانا شۇنداق سۆزنى ئېيتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئىبنى فەزلان رۇسلار ھەققىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى ئېيتقان.

قارلۇق ھۆكۈمدارلىرىنى يابغۇ دەپ ئاتىشاتتى. تابارى ۋە باشقا ئىسلام ماتېرىياللىرى ئەمەۋىلەر دەۋرىدە مۇسۇلمانلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خوراساندىكى ھۆكۈمدارلار ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشلاردا قارلۇق يابغۇسى توغرىسىدا بايان قىلىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا تۇخارىستان ياكى سەيخۇن دەرياسى بويىغا قارلۇقلار خېلى بالدۇر كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ياقۇبى تارىخىدا قارلۇق يابغۇسىنىڭ خەلىپە مەھدى دەۋرىدە ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

(164) قۇتلۇق تۈركلىرى ھەققىدىكى ماتېرىياللاردا باشقا بىر مەلۇمات ئۇچراتمىدۇق. ئەبۇ دۇلەف ئۇلارنىڭ قەھرىمان بىر قەبىلە ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇلارنىڭ توي قىلىش ۋە جازا قانۇنلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىرۇ يەردە بېرىلگەن مەلۇماتلار داۋغىر بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى كونا قەبىلىلەر ئارىسىدا بۇنداق ئادەتلەر كۆپ ئىدى (كىتابىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىزاھاتقا قاراڭ).

(165) ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى ئارىسىدا ھۆكۈمدارنىڭ توي قىلىشىنىڭ مەنئىي قىلىنىدىغانلىقى باشقا بىر قەبىلىدە ئۇچرىمايدۇ. ئەكسىچە، كونا قەبىلىلەردە ھۆكۈمدارنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشى ئادەت ئىدى. قۇتلۇقلار بۇنىڭدىن ئىستىسنادۇر.

(166) بىر يەردە خىتايان دەپ ئاتالغان قەبىلە چىن ماتېرىياللىرىدا قىتان، كونا تۈرك قەبرە تاشلىرىغا يېزىلغان يېزىقلاردا كىتاي، كېيىنكى ئىسلام ماتېرىياللىرىدا قارا خىتايلار دېيىلگەن قەبىلىدۇر. بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىدە ئولتۇراقلاشقان. كىتايانلار ھەققىدە باشقا ماتېرىياللار بەرگەن مەلۇماتلار بىلەن ئەبۇ دۇلەف بەرگەن مەلۇماتلار بىر-بىرىگە ماس كەلمەيدۇ. ئەبۇ دۇلەفنىڭ ئېيتىشىغا

قارىغاندا، كىتايانلارنىڭ ھۆكۈمدارى يوق. ئۇلار تىنچلىقپەرۋەر ئىدى. چىن ماتېرىياللىرى بولسا X ئەسىردە APaoki بىلەن قىتاننىڭ كېلىشكەنلىكىنى ۋە 924 - يىلى قىرغىزلارنىڭ پايتەختى قارابالغاسۇننى بېسىۋېلىپ، پۈتۈن موڭغۇلىستاننى قول ئاستىغا كىرگۈزۈشكە ئاز قالغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئەبۇ دۇلەف ئەسىردە قىتايانلارنىڭ ئۆلكىسىدىن چىنگە ئۆتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، قىتايانلار چىننىڭ غەربتىكى بىرىنچى قوشنىسىدۇر.

(167) مەرۋەزى بۇ يەردە تۈركلەرنىڭ ھەرخىل قەبىلىلەرگە ئايرىلغان بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۈگۈنكىدەك، ئۇ مەزگىلدە تۈركلەر مانجۇرىيەدىن ماجارىستانغا قەدەر زېمىنلاردا ھەرخىل سىياسىي شەكىللەردە ياشىغان بىر مىللەت ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇنيادا ھۆكۈمران ئورۇندىكى مىللەت ئىدى. تۈرك قەبىلىلىرىنى ئېنىق كۆرسىتىش مۇمكىن ئەمەس. مەھمۇت قەشقىرى تۈركلەرنى غەرب تۈركلىرى ۋە شەرق تۈركلىرى دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىيدۇ. غەرب تۈركلىرى پەچەنەكلەر، قىپچاقلار، ئوغۇزلار، يىماقلار، باسمىللار، قايىلار، يابغۇلار (قارلۇقلار)، تاتارلار، قىرغىزلار، باشقىرتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ شەرق تۈركلىرى چىگىللەر، تۇخسىلار، ياغمىلار، ئىغراقلار، چارۇقلار، جۇمۇللار، ئۇيغۇرلار، تاڭغۇتلار، خىتايلار (چىنلار)، تاۋغاچلار (ماچىنلار) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇيەردە كۆرگىنىمىزدەك، مەھمۇت قەشقىرى تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىغا بۇلغارلارنى، ھازارلارنى كىرگۈزمىگەن. ھەتتا ئەسىرنىڭ بەزى يەرلىرىدە بۇ يەردە مۇستەقىل كۆرسەتكەن بەزى قەبىلىلەرنى باشقا بىر قەبىلىنىڭ بىر قىسمى دەپ كۆرسىتىدۇ. باشقا مۇئەللىپلەر بولسا، ئۇ مۇستەقىل دەپ قوبۇل قىلغان بەزى قەبىلىلەرنى يەنە بىر قەبىلىنىڭ تارمىقى دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئېنىق سانى ۋە نامىنى كۆرسىتىش مۇمكىن ئەمەس. مەرۋەزىمۇ ئەسىردە تۈركلەرنى باشقىچە تۈرگە ئايرىغان. ھەتتا رۇسلار، سلاۋلاردەك زادى تۈرككە كىرمەيدىغان ئىرقلارنىمۇ تۈرك دەپ قوبۇل قىلغان. شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مۇئەللىپ تۈركلەرنى مەدەنىي ۋە كۆچمەن دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، تۈركلەرنىڭ زور بىر قىسمىنى مەدەنىي مىللەت دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ بۇ قارىشى تۈركلەرنى كۆچمەن مىللەت دەپ قوبۇل قىلغانلارغا قارىتا ئەڭ كەسكىن جاۋابتۇر.

(168) مەرۋەزى توققۇز ئوغۇزلار بىلەن ئۇيغۇرلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىيدۇ. بۇلارنىڭ ئىككىلىسىنىڭ ئوغۇزلارنىڭ تارماقلىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. «ئۇي — غۇر» دېگەن سۆزنىڭ ئىككىنچى بۆلۈكى «غۇز» سۆزى بىلەن يېقىن ئوخشاشلىقتا ئىكەن.

مەھمۇت قەشقەرى ئۇيغۇرلارنى ئايرىم بىر قەبىلە دەپ قارىغان. رەشىدۇددىن بولسا مەرۋەزىدەك ئۇيغۇرلارنى ئوغۇزلاردىن دەپ ھېسابلايدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، توققۇز ئوغۇزلار ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغقانلىرىدۇر. بۇ يېقىنلىق ئىسلام جۇغراپىيىچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى توققۇز ئوغۇز دەپ قوبۇل قىلىشىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

«ئۈچ - غۇز» تېكىستتە «ئۇچ - غۇز» شەكلىدە ئۇچرايدۇ. بۇ سۆزمۇ «غوز» بىلەن «غۇز» نىڭ ئەسلىدە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

(169) توققۇز خاقان ياكى توققۇز ئوغۇز خاقان ئۇنۋانى ھەقىقەتەن تۈرك ھۆكۈمدارلىرىغا خاس بىر ئۇنۋان بولۇپ، بۇ ئىسىم ئەنئەنىۋى يوسۇندا ئورخۇن ئابىدىلىرىدە ۋە باشقا يەرلەردە ئۇچرايدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان خاقان توققۇز ئوغۇزلارنىڭ (ئۇيغۇرلارنىڭ) خاقانى بولۇشى مۇمكىن. بۇ خاقاننىڭ 400 مۇھاپىزەتچىسى تىلغا ئېلىنغاندا «شاكىرى» سۆزى قوللىنىلغان. بۇ سۆز پارسچىدىكى «چاكەر» سۆزىنىڭ ئەرەبچىلەشكەن شەكلى بولۇپ، ئابباسىيلاردا بىر ئەسكىرى تەبىقىگە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ھۆكۈمدارلىرىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىگە بۇ ئىسىم بېرىلەتتى.

(170) بۇ يەردە سەلجۇقلار ۋە ئۇلار بىلەن تەڭ ئىسلام دۇنياسىغا كەلگەن تۈركلەر بىلەن قىپچاقلاردىن قېچىپ، قارا دېڭىزنىڭ شىمالىغا ۋە ئۇ يەردىن بالقانلارغا كەتكەن ئوغۇزلارنى كۆرسىتىدۇ.

«تۈركمەن» دېگەن ئاتالغۇ دەسلەپ X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ماقدىسى تەرىپىدىن قوللىنىلغان. بۇ سۆزنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئوغۇزلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن بىر ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە «تۈركمەن» سۆزى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئوغۇز ئورنىدا قوللىنىلغان. مەھمۇت قەشقەرى تۈركمەنلەرنىڭ ئوغۇزلار ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ ھەقتە ئەپسانىۋى بىر ئىزاھاتمۇ بار. باشقا بىر يەردە قارلۇقلار توغرىسىدا توختالغاندا، ئۇلارنىڭ ئوغۇزلاردىن ئايرىم بىر قەبىلە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىمۇ تۈركمەنلەر دەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

(171) قۇنلار: بۇ قەبىلىنىڭ نامىنى ئالغان ھۇن ئىمپېراتورلىقى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇرۇلغان ئىدى. بۇ دۆلەت يىقىلغاندىن كېيىن، ھۇنلار (قۇنلار) نىڭ بىر قىسمى شەرقىي ياۋروپاغا ۋە ماجارىستانغا كۆچۈپ بارغان ۋە ئۇ يەردە غەربىي ھۇنلار دۆلىتىنى قۇرغان ئىدى. مەرۋەزى تەرىپىدىن بايان قىلىنغان ھۇنلار كونا ھۇنلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قالدۇقلىرى بولۇشى كېرەك. بۇلار قايىلارنىڭ غەربىدە ئىدى. مۇئەللىپىمىز غەربكە قاراپ كىتايلاردىن قورقۇپ ۋە ئوتلاقلىرى تارىكىلىپ قاچقان بۇ قەبىلىنىڭ ناستۇرى ئىكەنلى-

كىنى ئېيتىدۇ. بۇنداق بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئىران يولى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇ خرىستىئان مەزھىپى يېيىلغان. ھۇنلار شارىيە (شارىلار — سېرىق ئۇيغۇرلار) نى قوغلىغان يەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلكىسى بولۇشى كېرەك. چۈنكى شارىيە تۈركمەنلىرى ئوغۇزلارنى ئەزگەن. بۇ يەردە ئېيتىلغان تۈركمەنلەر قارلۇقلار بولۇشى كېرەك. مەرۋەزىدىن باشقا ئۇرفالىق ماتىئۇسمۇ ھۇنلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى تىلغا ئالىدۇ. تېكىستتىن ھۇنلارنىڭ يىراق شەرقنى كىتايلار كۈچلۈك بولغان دەۋردە تاشلىۋەتكەنلىكى ئاڭلىنىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، XI ئەسىردە بولۇشى كېرەك. جۇۋەينىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئىككىنچى بىن قوچقار سۇلتان سەنجەرنىڭ قولى ئىدى. ئىبنى ئەل ئەسىر بولسا ئۇنىڭ بەركىيارۇقنىڭ قۇللىرىدىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بەركىيارۇقنىڭ 487 -(مىلادى 1093) يىلى سۇلتان بولىنىغا قارىغاندا، ئىككىنچىنىڭ خارەزىمشاھ بولۇشى 490 - (مىلادى 1096) يىللىرىغا توغرا كېلىشى مۇمكىن.

(172) كىتايلارنىڭ قىرغىزلارنى موڭغۇلىستاندىن قوغلاپ چىقارغانلىقى توغرىسىدا يۇقىرىدا توختالدى. ئۇلار بىرىنچى قېتىم IV ئەسىردە غەربىي جەنۇبىي مانجۇرىيىدە كۆرۈندۇ. ئادەتلىرى موڭغۇللارغا ۋە تۇركلەرگە ئوخشايدۇ. ئاتا - بوۋىلىرىغا قۇربانلىق قىلىدۇ. X ئەسىردە موڭغۇلىستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن بۇ خانلىق كۈچەيگەن ئىدى. 1027 - يىلى كەلگەن خىتاي ئەلچىسى ئەلبىرونىي قايلار ۋە كىتايلار توغرىسىدا توختالغان. بۇ ئىككى قەبىلە توغرىسىدا سۆزلىگەن تارىختا قىرغىزلارنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا ئىدى. بۇ چوڭ كۆچۈش 1027 - يىلدىن كېيىن باشلانغان. ئىككىنچى بىن قوچقار بۇ كۆچۈشنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىغا شاھىت بولغان. مارچۇ ئارت بۇ كۆچۈشنىڭ 1013 - 1050 — يىللىرى ئارىسىدا بولغانلىقى مۇمكىنلىكىنى تەخمىن قىلىمۇ، ئىشىنىشىمىزچە، خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل داۋام قىلغان بولۇشى كېرەك.

(173) شارىلەر (شارىيە) : بۇ سۆزنىڭ ئاۋفىدىكى سارى (سېرىق) بىلەن ئوخشاش بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. شانسۇلارنىڭ شەرقىدە 15 كۈنلۈك يىراقلىقتا ياشايدىغان بۇ قەبىلىنىڭ مۇسۇلمان بولماسلىق ئۈچۈن شەرققە قاراپ قاچقانلىقى ئېيتىلماقتا. بۇلارنىڭ كەنسۇنىڭ سېرىق ئۇيغۇرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى مەلۇم بولماقتا. بارتولد بۇ ئىسمنى قىپچاق ئىسمى بىلەن قىياس قىلىدۇ. قىپچاقلارنىڭ ھەر خىل قەبىلىلەردىن مەيدانغا كەلگەن فېدراتسىيە بولغانلىقىغا قارىغاندا، سېرىق ئۇيغۇرلار ئۇلارنىڭ بىر پارچىسى بولۇشى مۇمكىن.

(174) ئەزمەنىيە، دېڭىزى دېگەن سۆز، ئۇرمىيە ۋە ۋان كۆللىرىدىن باشقا نەرسە ئۈچۈن قوللىنىلمىغان. بۇنى قارا دېڭىز شەكلىدە ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى پەچەنەكلەرنىڭ ماجارلارنى، ئوغۇزلارنىڭ پەچەنەكلەرنى قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىن قوغلىۋەتكەنلىكى مەلۇم.

(175) XI ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا كىتايلارنىڭ غەربكە قاراپ كېڭىيىشى قايلارنى بېسىمغا ئۇچرىتىشقا باشلىدى. قايلارمۇ غەربتىكى ھۇنلارنى بېسىشقا باشلىدى. قايلار تەرىپىدىن بېسىمغا ئۇچرىغان ۋە ئوتلاقلىرى يېتىشمىگەن ھۇنلار شارىلەرنىڭ يۇرتلىرىغا قاراپ كەلدى. شەرقتىن بېسىمغا ئۇچرىغان شارىلەر تۈركمەنلەرنىڭ (قارلۇقلارنىڭ) ئۆلكىسىگە، تۈركمەنلەرمۇ ئوغۇزلارنىڭ ئۆلكىسىگە، ئوغۇزلار قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىكى پەچەنەكلەرنىڭ ئۆلكىسىگە كەلدى. بارتولد ئوغۇزلارنى قارا دېڭىزنىڭ شىمالىغا قوغلىشىغا قاراپ، شارىلەرنىڭ قىپچاقلار ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ھەرۋەزى كۆچكەن بۇ قەبىلەرنىڭ دائىم غەربكە قاراپ يۈرۈش قىلغانلىقىنى بايانلىۋاش ئۈچۈن، «ئىنتىبەئا» پېئىلىنى قوللىنىدۇ. مانجۇرىيەدىن قارا دېڭىزنىڭ شىمالىغىچە بولغان زېمىندا مەيدانغا كەلگەن بۇ قەبىلىلەرنىڭ كۆچۈشى بىر نەچچە يىلغا سوزۇلغان، بىر ۋاقىتتا بولمىغان، بىر ئەسىرگە يېقىن داۋام قىلغان. كىتاي، قاي، كۈن، شارىيە، تۈركمەن، غۇز ۋە پەچەنەك كۆچمەنلىرى ئىككى تەرەپتە ھەرىكەت قىلىپ، ماۋارە ئۈننەھر، خارەزىم، قارا دېڭىزنىڭ شىمالى ۋە بالقانلارغا يېرىپ توختىغان.

(176) ياغمىلار: گەردىزىنىڭ نەقىل كەلتۈرگىنىگە قارىغاندا، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسمى بىلەن قارلۇقلار بىرلەشكەن ئىدى. قارلۇقلار بىلەن بىرلەشكەن بۇ توققۇز ئوغۇزلارنىڭ باشلىقىنىڭ ئىسمى ياغما ئىدى. «ھۇدۇدۇلئالەم» دە ياغمىنى تىيانشاندا ۋە چىن تۈركىستاندا يۈرگەن بىر شەخس دەپ قارايدۇ. شۇ ئەسەردىكى خاتىرىدە ياغمىلار قارلۇقلارنىڭ شىمالىدا دەپ كۆرسىتىلگەن. مەھمۇت قەشقىرى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ياغما، تۇخسى ۋە چىگىل قەبىلىلىرىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇنىڭدىن گەردىزى ئېيتقان ياغمىلارنىڭ ئىككىگە بۆلۈنىدىغانلىقى ئۇقۇلىدۇ. بۇلارنىڭ مۇھىم گۇرۇپپىسى قەشقەرنىڭ شىمالىغا توپلانغانلىقى مەلۇم ئىدى. ياغمىلارنىڭ ھۆكۈمدارى بۇغراخان دېيىلەتتى. بۇ ئىبارە ئەبۇ دۇلەف تەرىپىدىن ئىككى يەردە تىلغا ئېلىنغان قارا خانلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ھەرۋەزى ياغمىلار بىلەن قارلۇقلارنى قىرغىزلارنىڭ غەربىدە دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆزنى شەرقىي جەنۇب دەپ تۈزىتىش مۇمكىن.

(177) قىتجاۋ ئەركلەر ھەققىدە بىرەر خاتىرە ئۇچرىمىدى.

(178) كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى ئىنزاھاتلارغا قاراڭ.

(179) فاگىنوس دەپ خاتىرىلەنگەن بۇ شەخسنىڭ شامان ئىكەنلىكىدە گۇمان يوق.

(180) بۇنىڭغا ئوخشاش ئىسىملارنىڭ توققۇز ئوغۇزلار ئارىسىدىمۇ بارلىقى مەلۇم. بۇ شەخسنىڭ تۇتقاقلىق تۇتقاندەك ئۆزىنى يوقاتقان ھالەتتە بولۇشى ئۇنىڭ شامان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

(181) مىنورىسكى تولىس تېغىنىڭ تىيانشان تاغلىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. مەرۋەزىنىڭ سۆزلىرى بۇ قاراشنى توغرا تاپىدۇ. ئۇلار بۇ يەردىكى ۋاقىتتا توققۇز ئوغۇزلارنىڭ قول ئاستىدا ئىدى. جاھىزنىڭ دېگىنىدەك. كېيىنكى ۋاقىتلاردا توققۇز ئوغۇزلارنى مەغلۇپ قىلىپ غەربكە كەتكەن. بۇ جەرياندا ئاجىزلاشقان تۈرگىشلەرنى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىغا ئورۇنلاشقان.

(182) قارلۇقلار توغرىسىدا باشتا بايان قىلىندى. بۇ يەردە ئاسكەلىكلەر دېيىلگەن سۆز ئاۋفىيدىكى خەسكىيلەر. بۇلاقلار دېيىلگەن سۆزلەرمۇ ئاۋفىيدىكى بەدۋا بولۇشى كېرەك. «ھۇدۇدۇلئالەم» دە ئىككىنچى قەبىلە ياغمىلارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ ئۇچرايدۇ. گۆگەرجىنلەر بولسا ئاۋفىيدىكى كەۋالىن بولۇشى كېرەك.

(183) توخسىلەر: «ھۇدۇدۇلئالەم» دىكى خەرىتىدە توخسىلەر چۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدا كۆرسىتىلگەن. ئۇنىڭ شەرقىي شىمالىدا چىگىللار، جەنۇبىدا قارلۇقلار، غەربىدە قىرغىزلاردىن بىر توپ ياشىغان. توخسىلار بۈيۈك تۈرگىش فېدراتسىيەسىنىڭ قالدۇقلىرى بولسا كېرەك. گەردىزى بۇلارنىڭ چۇ دەرياسى ۋادىسىدا ئولتۇراقلاشقانلىقىنى، تۈرگىشتىن بولغان ئىككى يېزا باشلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. «قاستەك ۋە قوردايى ئۆتكىلىنىڭ شەرقىدە توخسىلەر ياشايدىغان تۈرگىش مەملىكىتى سوزۇلۇپ ياتىدۇ» دەيدۇ. مەھمۇت قەشقىرى توخسىلارنىڭ چىگىللارنىڭ بىر تارمىقى ئىكەنلىكىنى، يەنى مەرۋەزىنىڭ دېگىنىدەك، قارلۇقلارنىڭ بىر قەبىلىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

(184) يۇقىرىدا قىماقلارنىڭ ئېرتىش دەرياسىغا چوقۇنىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدۇق. بۇ يەردە ئېيتىلغان ئۈچ قەبىلىنىڭ قىماقلار ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى مەلۇم ئەمەس.

(185) نەسرىيىيە نامىدىكى بۇ قەبىلە ھەققىدە باشقا خاتىرە ئۇچرىمىدى.

(186) مەرۋەزى پەچەنەكلەرنى ياي ۋە جابايەتلىك بىر قەبىلە دەپ تەرىپلەيدۇ. بۇ

تەرىپ ئەبۇ دۇلەفنىڭ تەرىپىگە ئۆيغۇن كېلىدۇ. ئۇ بۇ يەردە ئېيتقان پەچەنەكلەرنىڭ بارىيېرى ئىبنى فەزلان كۆرگەن ۋە ناھايىتى قىيىن شارائىتتا ياشايدىغانلىقىنى ئېيتقان پەچەنەكلەرنىڭ يېرىدۇر.

(187) بۇرۇن قىماق فېدراتسىيىسىگە قارايدىغان قىپچاقلار IX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا فېدراتسىيىدىن ئايرىلىپ، ئوغۇزلارنىڭ شىمالىي قوشنىسى بولغان ئىدى. جەيھۇنى ۋە مەھمۇت قەشقىرى قىپچاقلارنىڭ بەزى ئادەتلىرىنىڭ ۋە تەلەپپۇزلىرىنىڭ ئوغۇزلارغا ئوخشايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن قىپچاقلارغا يېڭى قەبىلىلەرنىڭ قوشۇلۇشى ۋە نوپۇسىنىڭ ئارتىشى بىلەن X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قىپچاقلار ئوغۇزلارنى جەنۇبقا ۋە غەربكە قاراپ قىستاشقا باشلىدى. ئوغۇزلارنىڭ كۆچۈشىدە مۇھىم رول ئوينىدى. قىپچاقلارنىڭ كۆپ قىسمى XI ئەسىردە غەربكە كەتكەن ئوغۇزلارنى قوغلاپ قارا دېڭىزنىڭ شىمالىغا ئورۇنلاشتى. قىپچاقلاردىن بىر قىسمى ئوغۇزلار بىلەن بىللە ھازار دېڭىزى بىلەن ئارال كۆلى ئارىسىدا قالغان ئىدى. ئالىپ ئارسلاننىڭ مانگىشلاق سەپىرىدىن قارىغاندا، ئوغۇزلارنىڭ ۋە قىپچاقلارنىڭ بۇ جايلاردا بىللە ياشىغانلىقى مەلۇم.

(188) بۇ يەردە ئېيتىلغان تاغ كافكاز تاغلىرى بولۇشى كېرەك. تۇلاس ۋە لاۋئالار ھەققىدە بىرەر مەلۇمات ئۇچراتمىدۇق.

(189) سارىغشەن ۋە خان بالىق ئېدىل شەھىرىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىسىملىرىغا بېرىلگەن ئىسىملاردۇر. شەھەرنىڭ غەربىي ياقىسى ئېدىل، شەرقىي ياقىسى بولسا خان بالىق (ھازاران) دېيىلىدۇ.

(190) ئىسلام جۇغراپىيىچىلىرى تەرىپىدىن بايان قىلىنغان بۇ قەبىلە ئېدىل ۋادىسىدا ھازارلارنىڭ قول ئاستىدا ياشايتتى. بۇلارنىڭ تۈرك ئىكەنلىكى ناھايىتى گۇمانلىق. ئۇلار مورتۋانىسلار دەپمۇ تونۇلغان. بۇرداسلار ئارىسىدا توي بولىدىغان قىزلارنى ئۆزى تاللايتتى. ئىبنى ھاۋقال «بۇرتاسلار ئېدىل ۋادىسىدا تارقاق ھالدا ياشايدۇ. ئۆيلىرى ياغاچ ئۆي، ئاھالىسى كۆپ ۋە تارقاقدۇر» دەيدۇ. مەرۋەزىمۇ دەل شۇنداق دەيدۇ. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ مىلى دېيىلگەن نەرسە پۇلدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇلۇكلەرنى كۆيدۈرۈش ئادىتى بەلكىم ئۇلارغا رۇسلاردىن ئۆتكەن.

(191) ماجارلار بۇرۇن شىمالىي كافكازىيىدە كۇبان دەرياسى ئەتراپىدا ھازارلار قول ئاستىدا ياشايتتى. ئۇلارنىڭ دۆلەت تەشكىللىتىدا ھازارلارنىڭ تەسىرى كۆرۈشكە بولىدۇ. 860 ـ يىللاردا پەچەنەكلەر كەلگەن ۋاقىتتا

ماجارلارغا ئارپار باشچىلىق قىلاتتى. پەچەنەكلەرنىڭ بىر قىسمى بىلەن ماجارلار 890 -
يىللاردا كىيېۋنىڭ جەنۇبىدىن ئۆتۈپ، بۈگۈنكى ماجارىستانغا كەلگەن. ماجارلارنىڭ
بىر تارمىقى بولسا ئۇنىڭدىن بۇرۇن بۇلغارلارنىڭ بىر قىسمى بىلەن يۇقىرى ۋولگا
رايونىغا كېتىپ، بۈگۈنكى باشقىرتلارنىڭ يۇرتىغا ئورۇنلاشتى. مەرۋەزى بۇ يەردە
باشقىرتلار بىلەن ماجارلارنى بىللە تىلغا ئالغان بولسا كېرەك. چۈنكى ئۇلارنىڭ
مەملىكەتلىرىنىڭ ئېدىل ۋە تۇنا دەريالىرى ئارىسىدىكى يەردە ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.
بۇ يەردە ئېيتىلغان سلاۋلارنىڭ گېرمانلىرىمۇ شۇمۇلانى ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن.
كۈندە (كۈندۈر) ئۇنۋانى هازارلاردا تېخىچە بار.

(192) شۇۋەت ۋە شارىج ئۇنۋانلىرى ھەققىدە بىرەر ئىزاھات ئۇچرىمىدى.
مەرۋەزى سلاۋلارنى تۈرك دەپ قوبۇل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ياشاش ئۇسۇللىرىنى
بىر ئاز تۈركلەرگە ئوخشىتىدۇ.

(193) بۇ شەھەر ھەققىدە بىرەر خاتىرە ئۇچرىمىدى.

(194) مەرۋەزى رۇسلارنى تۈرك دەپ قوبۇل قىلىدۇ. بىزنىڭدىن قارىغاندا،
ئۇرۇس دېگەن كىشىلەر ۋىكىڭلەردۇر.

(194) ۋلادىمىر ئۇنۋانى مەسىلىسىگە كەلسەك. بۇ سۆزنىڭ ئۇنۋان ئىكەنلىكى بىر ئاز
گۇمانلىق. بىرىنچى قېتىم بۇ ئەسەردە تونۇلغان ھۆكۈمدار X ئەسىردە بىزانسلارنىڭ
تەسىرى بىلەن خرىستىئانلىقنى رەسمىي قوبۇل قىلغان ۋلادىمىردۇر. بۇ ھۆكۈم-
دار ئىسلامىيەت ھەققىدە مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن ۋولگا بۇلغارلىرىغىمۇ بىر ئەلچى
ئەۋەتكەن. مىنورسكى «ھەقىقەتەن رۇسلاردا تەختكە چىققان پرىنسلەرنىڭ بۇ
ئۇنۋانى ئالىدىغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ» دەيدۇ.

(195) مەرۋەزى ھىپوكرات ۋە گالىنوسنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئەرەبچە تەرجىمىلىرىدىن
پايدىلانغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ياقۇبىي كىتاب ئەل بۇلدان ۋە
تارىخىدىن بۇ ئىككى مۇئەللىپ ئەرەبچە تەرجىمىلىرىدىن پايدىلانغان. مەرۋەزى
پايدىلانغان بۇ ئەسەرلەر ئىنسانلار ۋە ھايۋانلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى مەزمۇن
قىلسا كېرەك.

(196) بۇ تۈرك قەبىلىسى ئىسقىتلار بولۇشى مۇمكىن.

(197) «كىچىك كۆزلۈك» دېگەن ئىبارە كونا ئەرەب مۇئەللىپلىرىنىڭ تۈركلەر ھەققىدە
قوللانغان ئىبارىلىرىنى ئەسلىتىدۇ. شەرق ئۆلكىلىرىگە بارغان بىزانس ئەل-
چىلىرىنىڭ مەلۇماتلىرىدا مەناندەر پروتېكتورنىڭ تۈركلەرنى بۇرۇن ساقا دېيىلگەن-
لىقىنى ئېيتىدۇ. «خاتاي نامە» تۈرلار بىلەن تۈركلەرنى بىر دەپ قارايدۇ. فىر-

دەۋسىمۇ شۇنداق دەپ ئېيتىدۇ. ئىبنى ئەل فاكىخ «ئىسقىتىيە» ئىبارىسى بىلەن ئەرمەنىستان، خوراسان، هازار ۋە تۈرك ئۆلكىلىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ. مەرۋەزىمۇ يۇنان يازغۇچىلىرىنىڭ ئىسكىتلىرىنى تۈرك دەپ قوبۇل قىلىدۇ.

(198) مەرۋەزى تەرىپىدىن ئامازونلار ھەققىدە بېرىلگەن بۇ مەلۇماتلار ۋە ئېتىمولوگىك ئىزاھاتلار توغرىدۇر. ئامازونلار ھەققىدە بېرىلگەن بۇ مەلۇماتلار خىتىت قەبرە تاشلىرىدا ۋە يۇنان ئەپسانىسىدا بېرىلگەن مەلۇماتلار بىلەن بىردەكدۇر. خىتىتلار ۋە يۇنانلىقلار خاتىن دېگەن بۇ ئۇرۇشپەرەسلەرنىڭ بەزى تارىخچىلار تەرىپىدىن ئۈزۈن چاچلىق ئەقىت لەشكەرلىرى ئىكەنلىكىمۇ ئويلىشىلماقتا.

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى : توختى تىلا

# شىنجاڭ
# ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

新疆社会科学研究

(ئىچكى ژۇرنال)

ئومۇمىي 69 - سان

9

1988

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى

新疆维吾尔自治区社会科学院

## مۇندەرىجە

«خۇيخۇي» دېگەن سۆز ۋە ئىسلام دىنى .................... لى سۇڭماۋ 1
«دۆلەت نازارەتچىسى» ۋە «شاۋكېم» دېگەن ئىككى نام توغرىسىدا مۇھاكىمە
.................................................... تيەن ۋېيجاڭ 19
قەدىمكى ئىلى — ئۈرۈمچى يولى .................... نىياز كىرىمى 26
ۋەقەلەرنى ئەينەن يېزىش، تارىخ يېزىشتا چىنلىقنى ئىزدەش ............
.................................................... جاڭ تيەن 41

مەسئۇل تەھرىر : ئابلەت نۇردۇن

# «خۇيخۇي» دېگەن سۆز ۋە ئىسلام دىنى

لى سۇڭماۋ

## 1 . «خۇيخۇي» دېگەن سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشى

«خۇيخۇي» (回回) دېگەن سۆز دەسلەپتە 回纥 (خۇيخې) دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن پەيدا بولغان. ئۇنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن ئالاقىسى يوق ئىدى.

«خۇيخۇي» دېگەن سۆز توغرىسىدىكى تەتقىقاتنىڭ باشلىنىشىغا ئۇزۇن بولدى. چېن يۈەن: «‹خۇيخۇي› دېگەن نامنىڭ مەنىسىنى تەتقىق قىلغانلار خېلى كۆپ. مەسىلەن: چيەن داشىن، لى گۇاڭتىڭ، دىڭ چيەن قاتارلىقلار تەتقىق قىلغان. بۇ نام ‹خۇيخې› دېگەن نامدىن كەلگەن» دېگەن ئىدى [1]. ئۇنداقتا، بۇ نام قانداق پەيدا بولغان؟

جىن جىتاڭ «جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقات» دېگەن ئەسىرىدە: «مەن مىڭ شى خاتىرىسىنى ئوقۇپ 5 - جىلدىغا كەلگەندە، ئاپتورنىڭ يەنجۇدا ئامبال بولۇپ تۇرغان چېغىدا يازغان 5 كۇپلېت زەپەر شېئىرىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ 4 - كۇپلېتى مۇنداق يېزىلغان:

قوشۇن بايراقلىرى ئوخشار كىمخاب دېڭىزىغا.
تاغلار ئاتلاپ زەربە بەر مەكچىمىز خۇيخۇيغا.
ئالدى بىلەن تازىلاپ ئەنشى يولىنى.
سۇغارماقچىمىز دەريا بېشىدا ئاتلارنى.

..... ئەگەر شېئىردىكى ‹زەربە بەرمەكچىمىز خۇيخۇيغا› دېگەن مىسرادىكى ‹خۇيخۇي› نىڭ باشقىچە چۈشەندۈرۈشى بولماي، ئۇ بىر مىللەتنى كۆرسەتكەن بولسا.... ‹خۇيخۇي› دېگەن سۆز شىمالىي سۇڭ دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پەيدا بولغان بولىدۇ» دېگەن [2]. شېن كو يەنجۇغا سۇڭ سۇلالىسى شېنزۇڭ خانىنىڭ يۈەنيۇ يىللىرى (1086 — 1083) ئامبال بولغان، جې زۇڭ خانىنىڭ يۈەنيۇ يىللىرى (1086 — 1093) «مىڭشى خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىنى يازغان. ئۇ چاغ XI ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئىدى. دېمەك، «خۇيخۇي» دېگەن سۆز شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، مۇندىن

تەخمىنەن 900 يىل بۇرۇن پەيدا بولغان. دەسلەپتە، شىن كونىڭ «مىڭشى خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدا كۆرۈلگەن.

جىن جىتاڭنىڭ كىتابى 1935 - يىلى نەشىر قىلىنغان. ئىككىنچى يىلى (1936 - يىلى)، ۋاڭ رىۋېي «خۇيزۇ مىللىتى ۋە ئىسلام دىنى ھەققىدە مۇلاھىزە» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دېگەن: «تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇرلار قىرغىزلار تەرىپىدىن يېڭىلىپ، شىنجاڭغا كۆچۈپ كەتكەن. شىن كونىڭ سۇڭ سۇلالىسىنىڭ شىنىڭ - يۇەنفېڭ يىللىرى يېزىلغان ‹مىڭشى خاتىرىسى› دېگەن كىتابىدا ‹خۇيخۇي› دېگەن سۆز بەلكىم شىنجاڭغا كۆچۈپ كەتكەن مۇشۇ مىللەتنى كۆرسەتكەن بولسا كېرەك. ئۇنىڭدىكى ‹خۇيخۇي› دېگەن سۆز ‹ئۇيغۇرلار› دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگەرگەن ئاتىلىشى بولۇپ، ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتسىز.» ۋاڭ رىۋېي ئۆز ماقالىسىدە «مىڭشى خاتىرىسى» دىكى 5 كۇپلېت زەپەر شېئىرىنى ۋە شىن كونىڭ ئىزاھاتىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەھلىل يۈرگۈزۈپ مۇنداق دېگەن: «ئۇ چاغدا ئۇيغۇرلار بەشبالىق، قوچو، ئەنشى قاتارلىق جايلارغا ئولتۇراقلاشقان. ‹ئەنشى يولىنى تازىلاش› دېگەنلىك چوقۇم ئۇيغۇرلارغا زەربە بەرگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ»؛ «ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى بىرلا ۋاقىتتا قوبۇل قىلغان ئەمەس. تۈرلۈك رىۋايەت ۋە خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، پامىرنىڭ غەربىدىكى ۋە قەشقەر ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ باشلىرىدا، كۇسەن ئۇيغۇرلىرى XIII ئەسىرنىڭ بېشىدا، بەشبالىق، قوچو ئۇيغۇرلىرى يۇەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرى ۋە مىڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ باشلىرىدا، قومۇل، ئەنشى ئۇيغۇرلىرى ئۇنىڭدىنمۇ كېيىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. تەپسىلىي ئەھۋالنى ‹ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى ھەققىدىكى تەتقىقات› دېگەن ئەرزىمەس ئەسىرىمدىن كۆرۈشكە بولىدۇ. قىسقىسى، ‹خۇيخۇي› دېگەن سۆز دەسلەپتە ھەرگىز ئىسلام دىنى مۇرىتلىرىنى كۆرسەتكەن ئەمەس، ئۇ ‹ئۇيغۇر› دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ شۇ مىللەتنىڭ نامى بولۇپ قالغان» ③.

1940 - يىلى ياڭ جىجيۇ ئەپەندىنىڭ «‹خۇيخۇي› دېگەن سۆزنىڭ مەنبەسى ۋە ئۆزگىرىشى» دېگەن ماقالىسى ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىدە مۇشۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۆزگىرىشى سىستېمىلىق بايان قىلىنىپ مۇنداق دېيىلىدۇ: «‹خۇيخۇي› دېگەن سۆز ‹回纥، 回鹘› (خۇيخې، خۇيخۇ) دېگەن سۆزلەردىن ئۆزگىرىپ كەلگەن ئاتىلىشىدۇر. بۇنى ئالىملارنىڭ ھەممىسى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەمما ئۇ قانداق ئۆزگەرگەن؟ بۇ نام قايسى ۋاقىتتىن باشلاپ كىشىلەر تەرىپىدىن قوللىنىلغان؟ ... كىشىلەرنىڭ بىلىشىچە، بۇ سۆز شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىدىكى شىن كونىڭ ‹مىڭشى خاتىرىسى› دا ئەڭ بۇرۇن كۆرۈلگەن. ‹回纥، 回鹘› دېگەن نامنىڭ ئورنىغا ‹回回› نى قوللىنىشتىكى

سەۋەب، ‹回回› دېگەن سۆز شۇ چاغدا جەمئىيەتتە تارقالغان ئاممىباب سۆز، شىن كونىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ‹بازار ئاھالىلىرىنىڭ سۆزى› بولۇپ قالغان». ياڭ جىجيۇ ئەپەندى «回纥، 回鹘» دېگەن سۆزنىڭ «回回» غا ئۆزگىرىپ قېلىشىدىكى سەۋەبلەرنى تەھلىل قىلغان ھەمدە «خۇيخۇي» دېگەن سۆزنىڭ دەسلەپتە جەمئىيەتتە تارقىلىپ، كېيىن كىتابلاردا قوللىنىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. 1942 ـ يىلى سېن جۇڭمىيەن ئەپەندى «‹خۇيخۇي› دېگەن سۆزنىڭ مەنبەسى» دېگەن ماقالىسىدە «‹خۇيخۇي› دېگەن سۆزنى ‹回纥› (خۇيخې) دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن، دەپ چۈشەندۈرۈش كىشىنى خېلى قايىل قىلىدۇ» ⑤ دېگەن.

ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە، بەي شۇيى ئەپەندىنىڭ مەخسۇس ئەسىرى — «خۇيخۇي مىللىتىنىڭ يېڭى ھاياتى» نەشر قىلىندى. بۇ ئەسەرنىڭ 1ـبابىدىكى «‹خۇيخۇي›دېگەن نام» قىسمىدا: «ھازىر كۆرگەن خاتىرىلەرگە ئاساسلانغىنىمىزدا، ‹خۇيخۇي› دېگەن نامXI ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا پەيدا بولغان. شېن كو 1086 — 1093 ـ يىللار ئارىلىقىدا يازغان ‹مېڭشى خاتىرىسى› دېگەن كىتابىدا (5 ـ جىلد) ‹خۇيخۇي› دېگەن نامنى تۇنجى قېتىم ئىشلەتكەن. بۇ نام ئەمەلىيەتتە VII ئەسىردىن كېيىن تاڭ سۇلالىسىدىكىلەر ئېيتقان 回纥 ياكى 回鹘 نى كۆرسىتىدۇ. 回回 دېگەن سۆز 回纥، 回鹘 دېگەن سۆزلەرگە ئاھاڭ جەھەتتىن يېقىن كېلىدۇ ھەم يېزىشقىمۇ ئاسان، ئۇ بەلكىم 回纥، 回鹘 دېگەن سۆزلەرنىڭ قىسقارتىلىپ يېزىلىشى ياكى ئاممىباب ئاتىلىشى بولىسا كېرەك» ⑥ دېگەن. بەي شۇيى ئەپەندى 1957 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «خۇيزۇ مىللىتىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى» دېگەن كىتابىدا ۋە 1960 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «خۇيزۇلارنىڭ تارىخىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە» دېگەن ئىلمىي ماقالىلىرىدا شۇنداق چۈشەندۈرۈش بەرگەن.

يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلاپ مۇنداق دېيىشكە بولىدۇ: ‹回回› دېگەن سۆز 回纥، 回鹘 دېگەن سۆزلەرنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشى، ئاممىباب ئاتىلىشى، ئۇ XI ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يەنى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شېن كونىڭ «مېڭ شى خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدا ئەڭ بۇرۇن كۆرۈلگەن. ئۇ چاغدا بۇ سۆز بەشبالىق، قوچو ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسەتكەن. ئۇ چاغدا شۇ جايلاردىكى ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، ئىسلام دىنىغا تېخى ئېتىقاد قىلمىغان. شۇڭا «خۇيخۇي» دېگەن سۆز دەسلەپ پەيدا بولغاندا، ئىسلام دىنى بىلەن ئالاقىسى يوق ئىدى.

## 2. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «خۇيخۇي» دېگەن سۆز كۆپ قېتىم كۆرۈلگەن، بەزىلىرى ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بەزىلىرى مۇناسىۋەتسىز

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «خۇيخۇي» دېگەن سۆز پەقەت «مەڭشى خاتىرىسى» دېگەن كىتابتا بىر قېتىم كۆرۈلگەن. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە بۇ سۆز كۆپ ئۇچرايدىغان بولدى ھەمدە ئۇنىڭ مەزمۇنىمۇ كېڭەيدى. تەپسىلىي ئەھۋالىنى پېڭ دايا يازغان، شۈ تىڭ ئىزاھلىغان «قارا تاتارلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابتىن كۆرۈشكە بولىدۇ. بۇ ئىككى ئادەم XIII ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ لىزۇڭ خانى دەۋرىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ موڭغۇلىيىگە بارغان ۋە كۆرگەنلىرىگە ئاساسەن بۇ كىتابنى رەتلەپ چىققان. «خۇيخۇي» دېگەن سۆز بۇ كىتابتا كۆپ ئۇچرايدۇ.

«موڭغۇللارنىڭ تۆت ۋەزىرى بولۇپ، ئەنچىشۈن (قارا تاتار، پاراسەتلىك ھەم كەسكىن ئادەم)، يېلۈچۇسەي (تەخەللۇسى جىنچىڭ، قىتان، ئۇردا ئىشلىرى مۇئاۋىن ۋەزىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، نيەنخې چۇڭشەن (جۇرجىت، گېنېرال دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دىن ئىبارەت ئۈچ كىشى خەنزۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى باشقۇرىدىكەن. جىڭ خەي (خۇيخۇيلەردىن) مەخسۇس خۇيخۇي دۆلەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى باشقۇرىدىكەن» . بۇ يەردە «خۇيخۇي» ۋە «خۇيخۇي دۆلىتى» دېگەن ناملار كۆرۈلگەن.

«تاتارلارنىڭ ئەسلىدە يېزىقى يوق ئىكەن. ھازىر ئۇلاردا ئۈچ خىل يېزىق قوللىنىلىۋېتىپتۇ. ئۇلار ئۆز يېزىقىنى 3 - 4 سۇڭلۇق كىچىك ياغاچنىڭ تۆت بۇرجىكىگە ئويۇپ قوللىنىدىكەن ... خۇيخۇيلەرگە خۇيخۇي يېزىقىنى ئىشلىتىدىكەن، ئۇنى جىڭ خەي باشقۇرىدىكەن. خۇيخۇي يېزىقىنىڭ ئاران 21 ھەرپى بار ئىكەن. قالغىنىنى ئۈستى ۋە يېنىغا زىر - زەۋەر قويۇپ بىلدۈرىدىكەن. مۇنقەرز بولغان خەنزۇلارغا، كىدانلارغا ۋە جۇرجىتلارغا خەنزۇچە يېزىق قوللىنىدىكەن، ئۇنى يېلۈ چۇسەي باشقۇرىدىكەن. ئەمما يېلۈ چۇسەيدىن ئېھتىيات قىلىپ، ھۆججەت كەينىدىكى ئاي، كۈنىنىڭ ئالدىغا خۇيخۇي يېزىقى بىلەن ئىمزا قويىدىكەن. ئۇ بولمىسا، ھۆججەتلەر ئىناۋەتكە ئۆتمەيدىكەن ... يەنجىن بازىرىدىكى مەكتەپلەردە كۆپىنچە خۇيخۇي يېزىقى ئۆگىتىلىدىكەن».

بۇ ئابزاستا «خۇيخۇي يېزىقى» دېگەن سۆز ئۇچرىدى. بۇ يېزىق چىڭگىزخان دەۋرىدىن باشلاپ قوللىنىلغان ئۇيغۇر - موڭغۇل يېزىقى ياكى موڭغۇل - ئۇيغۇر

يېزىقى بولۇپ، بۇ يېزىق كېيىن كۆپەيتىلىپ ۋە ئۆزگەرتىلىپ ھازىرغىچە قوللىنىلىپ كەلدى. ناھايىتى روشەنكى، بۇ يەردىكى «خۇيخۇي» (回回) دېگەن سۆز «خۇيخۇ» (回鹘) دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگەرتىپ ئاتىلىشىدۇر.

«كۆزۈتىشىمىزچە، قاراتاتارلار سودا - سېتىق ئىشلىرىنى پەقەت بىلمەيدىكەن، ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى خۇيخۇيلەرگە تىجارەت قىلىش ئۈچۈن ئۆسۈملۈك كۈمۈش پۇل بېرىپ تۇرىدىكەن. خۇيخۇيلەر بۇ پۇل بىلەن جازانىخورلۇق قىلىدىكەن ۋە ياكى يالغاندىن: پۇلۇمنى ئوغرىلار بۇلاپ كەتتى، دەپ تۆلىمەيدىكەن... خۇيخۇيلەر مال نەرسىلەرنى ئادەم يوق جايغا قويۇپ ئۆزلىرى يىراق يەردە ماراپ تۇرۇپ، باشقىلار تەگكەن ھامان، يۈگرەپ كېلىپ مۇتىھەملەيدىكەن. ئۇلار ناھايىتى ھىلىگەر، ھۈنەرلىك ھەم كۆپ خىل تىللارنى بىلىدىغان بولۇپ، ھەقىقەتەن قالتىس ئادەملەر ئىكەن.»

بۇ يەردە تەسۋىرلەنگەن «خۇيخۇيلەر» قابىلىيەتلىك سودىگەر ۋە جازانىخورلار بولۇپ، ئۇلار موڭغۇللارنىڭ شۇ چاغدىكى سودا ئىشلىرى، سودا دەسمايىسى ۋە بىر قىسىم جازانە كاپىتالىنى كونترول قىلىۋالغان بولسا كېرەك.

«قارا تاتارلار دەسلەپتە ناھايىتى نادان ۋە ھېچقانداق ھۈنەرنى بىلمەيتتى، ئۇلارنىڭ چارۋاماللاردىن باشقا ھېچقانداق نەرسىسى يوق، ‹خۇيخۇيلەر› نى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۇلار مال مۈلۈككە، ھۈنەرۋەنگە ۋە قورال - سايمانلارغا ئېرىشىپتۇ. ‹خۇيخۇيلەر› ھەممە ھۈنەرگە پىششىق ئىكەن. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ سېپىلغا ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلى ناھايىتى قالتىس».

بۇ يەردە تەسۋىرلەنگەن «خۇيخۇيلەر» دېھقانچىلىق، قول سانائەت، بولۇپمۇ قورال - ياراق ياساش جەھەتلەردە، نۇرغۇن ساھەلەردە تەرەققىي تاپقان مىللەتنى كۆرسىتىدىكەن.

«خان ئوردىسىغا ئەينەك شىشىلەرگە قاچىلانغان ئۈزۈم شارابى ئېپكېلىندى، ئۇنىڭ بىر شىشىسى ئون نەچچە قەدەھ كېلىدىكەن. ئۇلارنىڭ رەڭگى قىزغۇچ، تەمى ناھايىتى تاتلىق بولۇپ، كۆپ ئىچسە كىشىنى مەس قىلىدىكەن. ئەمما ئۇ ناھايىتى ئەتىۋالىق ئىكەن. ئۇ خۇيخۇي دۆلىتىدىن ھەدىيە قىلىنىپتۇ.»

بۇ يەردە دېيىلگەن «خۇيخۇي» دۆلىتى دائىرىسى تارراق بولغان ياكى كونكرېت بىر رايونغا قارىتىلغان بولسا كېرەك. ئۇ بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان قاراغوجىنى يەنى ھازىرقى تۇرپان ئەتراپىنى كۆرسىتەمدۇ، قانداق؟

«مەن (شۈ تىڭ) ئوتلاقتا ئەل باشلىقلىرى ۋە پۇقرالارنىڭ يۈك - تاقلىرىنى ھارۋىغا قاچىلاپ، مال - ۋاران ۋە پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن كېتىۋاتقانلىقىنى كۆر-

دۇم، ئۇلارنىڭ ئايىغى بىر قانچە كۈنگىچە ئۈزۈلمىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا 13 — 14 ياشلىق بالىلارمۇ كۆپ ئىكەن. سورىسام، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇيخۇي دۆلىتىگە يۈرۈش قىلىۋاتقان قارا تاتارلار ئىكەن. يولغا 3 يىل ۋاقىت كەتسە، ھازىر 13 — 14 ياشقا كىرگەنلەر خۇيخۇي دۆلىتىگە بارغاندا 17 — 18 ياشقا كىرىدىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى جەڭدە غەلىبە قىلغانلار ئىكەن. خۇيخۇيلەرنىڭ ھەر قايسى ئىرقلىرى ھەممىسى ئەل بولۇپتۇ. يالغۇز بىر خىل خۇيخۇيلەر شىچۈەننىڭ كەينى تەرىپىدە تاتارلارغا قارشىلىق كۆرسىتىپ، ...... ھازىرغىچە ئەل بولمايۋېتىپتۇ.»

بۇ يەردىكى «خۇيخۇيلەرنىڭ ھەر قايسى ئىرقلىرى» دېگەن سۆز دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. بۇ سۆز بىزگە شۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، «تاتارلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دىكى «خۇيخۇي» دېگەن سۆز خېلى كەڭ رايون، نۇرغۇن ئىرقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

«قارا تاتارلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ بويسۇندۇرۇلغانلاردىن شەرقىي جەنۇبتا ئاق تاتار جۇرجىتلار بار. غەربىي شىمالدا نايمان، ئۇيۇ (乌鹆)، سۇلى (速里)، سارتا (撒里达)، قاڭلى (抗里) (خۇيخۇي دۆلەتلىرىنىڭ ناملىرى) ۋە تارلىقلار بار. جەڭ قىلىپ بويسۇندۇرالمىغانلاردىن ... غەربىي شىمالدا كېبشاۋ (克鼻稍) بار. (خۇيخۇي دۆلىتى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقى)».

بۇ بىزگە شۇنى تېخىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، پېڭ دايا، شۈ تىڭلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى «خۇيخۇي» دېگەن نام پامىرنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى خەلق ھەم جايلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، ناھايىتى كۆپ مىللەت، دۆلەت ۋە سىياسىي گەۋدىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇنىڭ مەنىسى «مىڭشى خاتىرىسى» دىكى «خۇيخۇي» دىن جىق كېڭەيگەن. بۇ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى شېنزۇڭ خانى دەۋرىدىن جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى لى زۇڭ خانى دەۋرىگىچە بولغان بىر يېرىم ئەسىر ئىچىدىكى ئۆزگىرىشتۇر.

يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ۋاڭ رۇيىنىڭ ماقالىسىدە: ئىسلام دىنى X ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قەشقەر رايونىغا كىرگەن. ئوتتۇرا ئاسىيانى ئاللىقاچان مۇسۇلمانلار ئىگەللەپ بولغان دېيىلگەن. ئەمما پېڭ دايا، شۈ تىڭنىڭ «تاتارلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن ئەسىرى يېزىلغان چاغدا (XIII ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى) جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى ۋە شەرقىي شىنجاڭدا بۇددا دىنى ھۆكۈم سۈرگەن ئىدى. شۇڭا «قارا تاتارلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دىكى «خۇيخۇي» دېگەن سۆز ئىسلام دىنى بىلەن بەزىدە مۇناسىۋەتلىك، بەزىدە مۇناسىۋەتسىز. ئۇنىڭ ئىچىدىكى «خۇيخۇيلەر»، «خۇيخۇي دۆلىتى»، «خۇيـ

خۇيلەرنىڭ ئەرقىلىرى» دېگەنلەر چوقۇم بىر قىسىم مۇسۇلمان ۋە ئىسلام دىنى رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 3. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە «خۇيخۇي» دېگەن سۆز ئىسلام دىنى ئېتىقادچىلىرىنىڭ ئومۇمىي نامىغا ئايلىنىپ، كۆپ ھاللاردا «مۇسۇلمان» دېگەن سۆز بىلەن مەنىداش بولۇپ قالغان

1219 - يىلى چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغاندىن تارتىپ 1258 - يىلى ھۇلاكۇ باغدادنى ئىشغال قىلغانغىچە بولغان تەخمىنەن يېرىم ئەسىر ئىچىدە، پامىرنىڭ غەربى، قارا دېڭىزنىڭ شەرقىدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر كەينى - كەينىدىن موڭغۇللار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى. كۆپلىگەن بويسۇندۇرۇلغانلار ياسىياسىي سەۋەب، يا ھەربىي ئىشلار سەۋەبى ۋە ياكى ئىقتىسادىي سەۋەب تۈپەيلىدىن، مەجبۇرىي ياكى ئىختىيارى ھالدا ئارقا - ئارقىدىن جۇڭگوغا كۆچۈپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانى نەچچە يۈز مىڭدىن ئاشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەربىيلەرمۇ، ھۈنەرۋەنلەرمۇ، سودىگەرلەرمۇ، ئالىملارمۇ ۋە ئاقسۆڭەك يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرمۇ، پۇقرالارمۇ بار ئىدى. يۈەن سۇلالىسىدىكى ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە ئۇلار «خۇيخۇي» دەپ ئاتالغان.

تۈجى ئۆز ئەسىرىدە «‹خۇيخۇي› دېگەن سۆز ‹回纥› (خۇيخې) دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشى ... موڭغۇللار غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، ئوبدان پەرق ئېتىشكە ئۈلگۈرەلمەي، تيەنشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى، پامىرنىڭ شەرقى ۋە غەربىدىكى مۇھەممەتنىڭ مۇرىتلىرىنى، مەيلى ئۇلار پارس، توخارلاردىن بولسۇن ياكى كانگىيىلىك، ئۇيسۇن، تاجىك، تۈركىستان بولسۇن، ھەممىسىنى ئۇيغۇر (回纥) دەپ ئاتىغان ئەمما ئۇنى توغرا ئېيتالماي (回回) دەپ ئاتىغان» دېگەن *. دېمەك، ئومۇمەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان غەربىي يۇرتتىن جۇڭگوغا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى مىللىتى، دۆلىتى بويىچە ئايرىلماي، بىردەك «خۇيخۇي» دەپ ئاتالغان. شۇنىڭ بىلەن «خۇيخۇي» دېگەن سۆز ئىسلام دىنى ئېتىقادچىلىرىنىڭ ئومۇمىي نامىغا ئايلىنىپ قالغان.

بەي شۇيى: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ‹خۇيخۇي› دېگەن سۆز دەسلەپتە ئەرەبلەرنى كۆرسىتىپ، ئىسلام دىنى ئېتىقادچىلىرىنىڭ نامى بولدى. ... كېيىن پارسلارمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالدى.» «ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ‹خۇيخۇي› دېگەن سۆز يۈەن سۇلالىسىدىن باشلاپ ئىسلام دىنى ئېتىقادچىلىرىنىڭ نامىغا ئاي-

لانغان ھەمدە شۇ دەۋردە ناھايىتى ئومۇملاشقان» دېگەن.

ھەممىلەنگە ئايانكى، ئىسلام دىنىنى جۇڭگوغا دەسلەپتە موڭغۇللارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىش سەۋەبىدىن شەرققە كۆچۈپ كەلگەن خۇيخۇيلەر ئېلىپ كەلگەن ئەمەس، تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە دېڭىز يولى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى دېڭىز بويلىرىغا سودىگەرچىلىك قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئەرەب، پارس مۇسۇلمان سودىگەرلىرى ئېلىپ كەلگەن. بۇ سودىگەرلەر گۇاڭجۇ، چۈەنجۇ، ياڭجۇ، خاڭجۇ قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، «چەت ئەللىك مېھمانلار» دەپ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇزاققىچە جۇڭگودا تۇرۇپ قېلىپ، ئۆي - ئوچاقلىق، بالا - چاقىلىق بولۇپ قالغانلىقتىن، «جۇڭگودا تۇغۇلغان چەت ئەللىك»، «يەرلىكلىشىپ كەتكەن چەت ئەللىك» دېگەن سۆزلەر پەيدا بولغان. ئۇلار جۇڭگودىكى چەت ئەل مۇسۇلمان مۇھاجىرلىرى ئىدى. موڭغۇللار غەربكە يۈرۈش قىلغان، بولۇپمۇ يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، نۇرغۇن خۇيخۇيلەر غەربىي رايوندىن جۇڭگوغا كېلىپ، جۇڭگونىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىلىپ كەتتى. «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خۇيخۇيلەر ھەممىلا يەردە بار ئىدى.» «خۇيخۇيلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى ماكان قىلغان، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا ئەڭ كۆپ ئىدى.» جۇڭگونىڭ شەرقىي جەنۇبىدا ئولتۇراقلاشقان چەت ئەللىك مۇھاجىر مۇسۇلمانلارنىڭ غەربىي رايوندىن كەلگەن خۇيخۇيلەر بىلەن ئېتىقادى ئوخشاش، ئۆرپ - ئادەتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولغانلىقى ۋە تىل، مىللەت تەركىبىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بىرلىشىپ بىر گەۋدىگە ئايلانغان، چەت ئەللىك مۇسۇلمانلارمۇ «خۇيخۇي» دەپ ئاتالغان. ئەمما ئۇلار جەنۇبىي ئوكيان ئارقىلىق كەلگەچكە، «جەنۇبىي ئەل خۇيخۇيلىرى» دەپ ئاتالغان. جۇمى «گۇيشىن يىللىرىغا ئائىت ساۋاتلار» دېگەن كىتابىدا: «چۈەنجۇنىڭ جەنۇبىدا جەنۇبىي ئەلدىن كەلگەن فۇ ليەن ئىسىملىك بىر خۇيخۇي سودىگىرى بولۇپ، ئۇ، پۇ پەمىلىلىك بىر ئادەمنىڭ كۈيوغلى ئىدى. ئۇ ناھايىتى باي بولۇپ، 80 كېمىسى بار ئىدى» دەپ يازغان. جۇمى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرى، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ باشلىرىدا ئۆلگەن بولۇپ، ئۇ ئۆز كىتابىدا شۇ چاغدىكى ئەھۋاللارنى ئەكس ئەتتۈرگەن. شۇڭا ئۇنىڭ يازغانلىرىغا ئىشىنىشكە بولىدۇ.

«خۇيخۇي» دېگەن سۆزنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققانلىقى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە جىن جىتاڭ: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىنكى خاتىرە ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا ... غەربىي رايوننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن جۇڭگوغا كەلگەن ئىسلام دىنى مۇرىتلىرىنى جۇڭگولۇقلار بىردەك ‹خۇيخۇي› دەپ ئاتىـ

ـغان، دېڭىز ئارقىلىق كەلگەن ئىسلام دىنىدىكى سودىگەرلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى غەربىي شىمالدىن كەلگەن مۇسۇلمانلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلارنى جەنۇبىي ئەل خۇيخۇيلىرى دەپ ئاتىغان. قىسقىسى، شۇندىن كېيىن جۇڭگودا «خۇيخۇي» دېگەن بۇ سۆز ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ نامى بولۇپ قالغان» [11] دېگەن.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، كىشىلەر «خۇيخۇي» دېگەندە، ئادەتتە مۇسۇلمانلارنى كۆزدە تۇتقان. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، يۈەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ياشىغان جىڭ سىشياۋ ئىسىملىك بىر كىشى: «خۇيخۇيلەر ئىبادەت قىلغاندا، بەزىدە بىرسى ئېگىز پەشتاقتا چىقىپ يۇقىرى ئاۋازدا ئىبادەت قىلىدىكەن» [12] دېگەن. ئۇ، بۇ يەردە ئەزاننى ۋە ئەزان ئېيتىلىدىغان پەشتاقنى كۆزدە تۇتقان. دېمەك، بۇ يەردىكى «خۇيخۇي» دېگەن سۆز «مۇسۇلمان» بىلەن مەنىداش.

جۇمى «گۇيشىن يىللىرىغا ئائىت ساۋاتلار» دېگەن كىتابىنىڭ «خۇيخۇيلەرنىڭ ئۆلۈم ئۇزۇتىشى» دېگەن ماددىسىدا: «خۇيخۇيلەرنىڭ ئادىتى بويىچە، ئادەم ئۆلسە، ئۆلۈكنى يۇيىدىغان مەخسۇس ئادەم بولىدۇ. يوغان مىس ئاپتۇۋا بىلەن ئۆلۈكنى بېشىدىن ... ئايىغىغىچە يۇيۇپ چىقىدۇ». «جامائەت قۇرئان ئوقۇيدۇ... مېيىتنى يەرلىككە قويغاندا بېشىنى غەرب تەرەپكە قارىتىپ قويىدۇ» دېگەن. يەنە ئۇنىڭ كىتابىنىڭ «خۇيخۇيلەرنىڭ يىل ھېسابىدا چوڭ ئاي يوق» دېگەن ماددىسىدا: «خۇيخۇيلەرنىڭ يىل ھېسابىدا چوڭ ئاي يوق» دېيىلگەن ۋە ئۇنىڭغا ئىزاھات بېرىپ: «خۇيخۇيلەرنىڭ كالېندارى بويىچە، يېڭى ئاي چىققان كۈن شۇ ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى ھېسابلىنىدۇ. خۇيخۇيلەر روزا ئېيى توشقاندا، بايرام قىلىدۇ، بۇ روزا ھېيت بايرىمى دېيىلىدۇ ... روزا ئېيى يېڭى ئاي چىققان كۈندىن باشلىنىپ، يەنە بىر ئاينىڭ يېڭى ئاي چىققان كۈنى ئاخىرلىشىدۇ» دېگەن [13]. جۇمى تەسۋىرلىگەن خۇيخۇيلەرنىڭ بۇ ئۆرپ-ئادىتى ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردىمۇ «خۇيخۇي» دېگەن سۆز «مۇسۇلمان» دېگەن سۆز بىلەن بىردەك.

ھالبۇكى، يۈەن سۇلالىسىنىڭ زېمىنى كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدىكى مىللەتلەر كۆپ، دىنىي ئېتىقاد مۇرەككەپ ئىدى. يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى دىننى گويا بىر قولىدىكى بەش بارماق دەپ قاراپ، ھەممە دىننىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويغان ئىدى. شۇڭا بۇددا دىنىدىن باشقا، ئىسلام دىنى ۋە نېستورىيان دىنى كەڭ تارقالغان، يەھۇدىي دىنىمۇ مەلۇم ئورۇننى ئىگەللىگەن ئىدى. خۇيخۇيلەرنىڭ تارقىلىشى كەڭ، تۇرمۇش مۇھىتى ھەر خىل، تۇتقان ئورنىمۇ ئوخشاش

ئەمەس ئىدى. تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلمىدىغانلارنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ. «مەسىلەن، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن داڭلىق خۇيخۇي دورىگەر ئەيسا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى روخ ئىلگىرى كېيىن بولۇپ گۇاڭخۇي مەھكىمىسى (خۇيخۇيچە دورا ياسايدىغان ئورگان)نى باشقۇرغان. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دىكى «شى زۇخان نەسەبنامىسى» دىمۇ ئەيسانىڭ خۇيخۇي ئىمكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. لېكىن ئەيسا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلماي، بەلكى خرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن» ⑭. «ئەيسا دېگەن سۆز ئەرەبچە ئىسادېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى (غەربتە يېھۇس، جۇڭگودا يېسۇ 耶稣 دەپ ئېلىنغان)⑮. دەۋرقە بۇ ئايرىم ئەھۋال، شۇنىسى ئېنىقكى، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خۇيخۇيلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇسۇلمان بولۇپ، خۇيخۇي دېگەن سۆز «مۇسۇلمان» دېگەن سۆز بىلەن بىر مەنىدە قوللىنىلغان.

## 4. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە «خۇيخۇي» دېگەن سۆزگە «دىن» دېگەن سۆز قوشۇلۇپ، «خۇيخۇي دىنى» دېگەن ئاتالغۇ بارلىققا كەلگەن

ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى نامى «ئىسلام». ئۇنى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام «قۇرئان»دا ئۆزى بېكىتكەن ⑯. ئىسلام دىنى ئېلىمىزدە ئەڭ ئاۋۋال «ئەرەب قانۇنى» دەپ ئاتالغان. بۇ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن دۇ خۇەن دېگەن كىشىنىڭ «جىڭ سىڭ جى» ناملىق ئەسىرىدە كۆرۈلىدۇ. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىسلام دىنى «ئەرەب دىنى» دەپ ئاتالغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، «دەسلەپتە ‹خۇيخۇي› دېگەن بۇ ئىككى خەت ‹دىن› دېگەن سۆز بىلەن بىرلىكتە قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن ‹خۇيخۇي دىنى› دەپ ئاتالمىغان» ⑰. «خۇيخۇي» دېگەن سۆز «دىن» سۆزى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، «خۇيخۇي دىنى» دەپ ئاتالغان ۋاقىت يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ. شۇ دەۋردە ياشىغان يې زىچى دېگەن كىشىنىڭ «ساۋمۇزى» ناملىق كىتابىنىڭ 3 - جىلدىدە، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇددا دىنىدىن باشقا يەنە «بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان بەيليەن دىنى، مەنىمۇ دىنى، خۇيخۇي دىنى، تۇتا دىنى قاتارلىق دىنلار بار ئىدى» دېيىلگەن. جېڭ خې بىلەن غەرب ئەللىرىگە بىللە بارغان ماخۇەننىڭ «يىراق ئەللەردە كۆرگەنلىرىم» دېگەن كىتابىدا «خۇيخۇي دىنى» دېگەن سۆز كۆپ يەردە ئۇچرايدۇ. كىتابنىڭ «ياۋا دۆلىتى» ماددىسىدا: «بۇ دۆلەتتە ئادەملەر ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈنىدىكەن،

بىرسى — خۇيخۇيلەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە غەرب ئەللىرىدىن سودىگەرچىلىك بىلەن كەلگەنلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمىكى مۇسۇلمانلارنىڭكىگە ئوخشاش. يەنە بىرسى — خەنزۇلار (تاڭلىقلار)، ئۇلار بۇ يەرگە گۇاڭدۇڭدىكى جاڭجۇ، چۈەنجۇ قاتارلىق جايلاردىن ئېقىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ يېمەكلىكلىرىمۇ مېزىلىك ھەم پاكىز. ئۇلارنىڭ ئىچىدە خۇيخۇي دىنىغا كىرىپ ئۇنىڭ ئەقىدىسىگە ئەمەل قىلغان ۋە پەرھىز تۇتقانلارمۇ ئاز ئەمەس» [19] دېيىلگەن.

كىتابنىڭ «مالاككا دۆلىتى (满剌加国)» ماددىسىدا: «بۇ دۆلەتتە پادىشاھ ۋە پۈتۈن پۇقرا خۇيخۇي دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. روزا تۇتىدىكەن. پەرھىز قىلىدىكەن ۋە قۇرئان ئوقۇيدىكەن. پادىشاھىبېشىغا سىپتە ئاق رەختتىن سەللە يۆگەيدىكەن، ئۇچىسىغا ئۇششاق گۈللۈك سىپتە قارا رەختتىن تون، پۇتىغا خۇرۇم ئاياق كىيىدىكەن، سىرتقا چىققىسا ماپىگە ئولتۇرىدىكەن» دەپ يېزىلغان.

«گۇلى دۆلىتى (古丽国)» ماددىسىدا. «بۇ دۆلەتتە ئادەملەر بەش دەرىجىگە بۆلۈنىدىكەن. چوڭ باشلىقلارنىڭ ھەممىسى خۇيخۇيلار، ھەممىسى چوشقا گۆشى يېمەيدىكەن ... كۆپ قىسىم ئادەم خۇيخۇي دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن» دەپ يېزىلغان.

«ليۇشەن دۆلىتى (溜山国)» ماددىسىدا: بۇ دۆلەتتە پادىشاھ، ئەل باشلىقلىرى ۋە پۇقرالارنىڭ ھەممىسى خۇيخۇيلەر. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى پاك ھەم گۈزەل ئىكەن. ھەممىلا ئادەم دىنىي قائىدىگە ئەمەل قىلىدىكەن. توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىمۇ خۇيخۇي دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە بولىدىكەن» دەپ يېزىلغان. يەنە «خۇيخۇي دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى» ۋە «خۇيخۇي دىنىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى» دېگەن سۆزلەر چېلىقىدىغان مەنبەلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز: «زۇفار دۆلىتى (祖法儿国)» ماددىسىدا: «پادىشاھ ۋە پۇقرالارنىڭ ھەممىسى خۇيخۇي دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن ... توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىمۇ خۇيخۇي دىنىنىڭ قائىدىلىرى بويىچە بولىدىكەن» دەپ يېزىلغان.

«بانگىرا دۆلىتى (榜葛剌国)» ماددىسىدا: «بۇ دۆلەت ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى خۇيخۇي، ھەممىسى خۇيخۇي دىنىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىغا ئەمەل قىلىدىكەن» دەپ يېزىلغان.

«خورمۇس دۆلىتى (忽鲁谟斯国)» ماددىسىدا: «پادىشاھ ۋە پۇقرالارنىڭ ھەممىسى خۇيخۇي دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ دىنىي ئەقىدىسى كۈچلۈك، كۈنىگە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيدىكەن، غۇسلى قىلىدىكەن ۋە پەرھىز تۇتىدىكەن ... توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىدىمۇ خۇيخۇي دىنىنىڭ قائىدىلىرى بويىچە بولىدىكەن» دېيىلگەن.

بۇ كىتابنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى «ئەرەب خەلىپىلىكى» ماددىسىنى ماخۇەن تۈۋەندىكىدەك ناھايىتى تەپسىلىي يازغان:

« بۇ دۆلەت مەككە دۆلىتىدۇر ... بۇ يەردە خۇيخۇي دىنى يولغا قويۇلغان. پەيغەمبەرمۇ ئۆز دىنىنى دەسلەپتە مۇشۇ دۆلەتتە تەرغىپ قىلغان. ھازىر ئۇنىڭدا ھەممە ئادەم دىنىي قائىدىلەر بويىچە ئىش كۆرىدىكەن، ھەرگىز ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلمايدىكەن. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى قامەتلىك. چىرايى قىپ - قىزىل كېلىدىكەن. ئەرلەر بېشىغا سەللە يۆگەيدىكەن، ئۇچىسىغا تون، پۇتىغا تېرە ئاياق كىيىدىكەن. ئاياللىرى يۈزىگە چۈمبەل تارتىپ، چىرايىنى باشقىلارغا كۆرسەتمەيدىكەن. ھەممە ئادەم ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدىكەن. دۆلەت قانۇنىدا ھاراقچەكلىنىدىكەن. خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشى، نامراتلار يوق ئىكەن. ھەممە ئادەم دىنىي قائىدىلەرگە ئەمەل قىلغاچقا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىكەن، بۇ يەرنى جەننەت دېيىشمۇ بولغىدەك. توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىمۇ دىنىي قائىدە بويىچە ئۆتكۈزۈلمەكتەن». ماخۇەن يەنە كەبە، ھەج ۋە مەدىنىدىكى پەيغەمبەر قەبرىسى ئۈستىدىمۇ توختالغان. ماخۇەننىڭ بۇ كىتابى «خۇيخۇي» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتىلا ئەمەس، بەلكى يەنە جۇڭگونىڭ ئىسلام دىنى تارىخىنى، جۇڭگو بىلەن ئەرەبلەرنىڭ مۇناسىۋەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ماخۇەن ئۆزى خۇيخۇي بولغانلىقى، دىنىغا چىن دىلىدىن مۇھەببەت باغلىغانلىقى ئۈچۈن، كىتابىدا چەت ئەللەردىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىمۇ «خۇيخۇي» لەر دەپ، ئۇلار ئېتىقاد قىلغان دىنىنى «خۇيخۇي دىنى» دەپ ئاتىغان. پروفېسسور بەي شۇيى: «ئىسلام دىنىغا دەسلەپتە خۇيخۇيلەر ئېتىقاد قىلغانلىقى ئۈچۈن، ‹خۇيخۇي دىنى› دەپ ئاتالغان» دېگەن [1]. ئۇ يەنە: «ئىسلام دىنى جۇڭگوغا كىرگەندىن كېيىن، تاڭ، سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىمۇ رەسمىي بىر نامغا ئىگە بولمىغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ‹ئەرەب قانۇنى›، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ‹ئەرەب دىنى› دەپ ئاتالغان ۋە بۇ ئاتالغۇلار ئەينى چاغدا پەقەت بىر - ئىككىلا كىشىنىڭ ئەسىرىدە قوللىنىلغان، ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغان ئەمەس. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە مۇسۇلمانلار ‹خۇيخۇيلەر› دەپ ئاتالدى. ... مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئاندىن ‹خۇيخۇي دىنى› دېگەن نام تەدرىجىي بارلىققا كەلدى. بەزىدە ئۇ، «‹ئىسلام دىنى›، ‹ئەرەب دىنى› دەپمۇ ئاتالدى. ...» [2] دەپ كۆرسەتكەن. يۇقىرىقى بايانىدا، ئىسلام دىنى دېگەن نامنىڭ جۇڭگودىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالى ۋە «خۇيخۇي دىنى» نىڭ بارلىققا كېلىشى قىسقىچە بايان قىلىنغان.

شۇنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «خۇيخۇي» دېگەن سۆز «دىن» دېگەن سۆز بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ «خۇيخۇي دىنى» دەپ ئاتالغان ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنى بىلدۈرىدىغان «مۇسۇلمان» دېگەن سۆز بىلەن بىر مەنىدە قوللىنىلغاندىن باشقا، مەملىكىتىمىزدىكى خۇيزۇلارنىڭ نامى سۈپىتىدىمۇ قوللىنىلغان. ھەممىگە ئايانكى، خۇيخۇيلەر ئېلىمىزدە مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت ئىدى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شۈەنزۇڭ خان «خۇيخۇيلەر پايدا ئېلىشقا ماھىر» دېگەن. خۇيخۇي سودىگەرلىرى ئېسىل تاشلارنى تونۇشقا ماھىر بولغاچقا، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «خۇيخۇيلەر ئېسىل تاشلارنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ» [20] دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ يەردە، ئېيتىلىۋاتقان «خۇيخۇي» لەر ئۇمۇمەن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنى ئەمەس، بەلكى خۇيزۇلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دىكى «كۆچمەن قاراقچى» تەزكىرىسىدە ئېيتىلغان «老回回» خۇيزۇلارنىڭ قەھرىمانى ماشۇ يىڭنى كۆرسىتىدۇ، دەرۋەقە ئۇمۇ مۇسۇلمان ئىدى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «خۇيخۇي» دېگەن بۇ سۆز مەنە جەھەتتە بىر تەرەپتىن ئىسلام دىنى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلام دىنىدىن ئايرىۋېتىلگەن. بۇ، مەملىكىتىمىزدىكى خۇيزۇلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىن كېلىپ چىققان ئۆزگىرىشتۇر. شۇڭا، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قوللىنىلغان «خۇيخۇي» دېگەن سۆزنىڭ بۇنداق ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا دىققەت قىلىشىمىز، ئۇنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى جەھەتتىن چۈشىنىشىمىز لازىم.

## 5. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئېلىمىزدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى «خۇي» دەپ ئاتىلىپ، دىن مىللەتنىڭ بىر بەلگىسى بولۇپ قالغان

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى «خۇيخۇي» دەپ ئاتالدى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «خۇيخۇي» لەر ئېتىقاد قىلغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام دىنى «خۇيخۇي دىنى» دەپ ئاتالدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، مەملىكىتىمىزدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى «خۇي»، «خۇيخۇي» دەپ ئاتىلىپ، ئىسلام دىنى بۇ مىللەتلەرنىڭ بىر بەلگىسى بولۇپ قالدى. پروفېسسور بەي شۇيى: «XVI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، «خۇيخۇي» دېگەن سۆز ئېلىمىزدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بارلىق مىللەت

ۋە ئىرقلارنىڭ ئومۇمىي نامىغا ئايلاندى. ئۇيغۇرلارمۇ «خۇيخۇي» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى» [23] دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەنە: «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان بەزى ئەسەرلەردە ئىسلام دىنىنى مىللەتنىڭ بىردىنبىر بەلگىسى قىلىۋالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلگەن، ئۇلار خۇيزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ھەممىسىنى خۇيخۇي دەپ ئاتىغان، ئۇلار يەنە خۇيخۇيلەرنى — خەنزۇ خۇيخۇيلىرى (汉回)، ئۆزلەشكەن خۇيخۇي (熟回) دەپ، ئۇيغۇرلارنى «سەللىلىك خۇيخۇي» (缠回)، «يات خۇيخۇي» (生回) دەپ ئاتىغان» [24] دەيدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان جەنۇبىي شىنجاڭ «ئۇيغۇر رايونى» (回部) (回疆) دەپ ئاتالغان. ۋېي يۈەن: «ئۇيغۇر رايونى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدۇر. تىيانشان تېغى كۆكتارتىنى ئاساس قىلىپ بىر قانچە مىڭ چاقىرىمغىچە سوزۇلۇپ، قۇمۇلغا تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭ سول تەرىپىدە جۇڭغارىيە، ئوڭ تەرىپىدە ئۇيغۇرىيە بار» [25] دەپ كۆرسىتىدۇ. «سەللىلىك خۇيخۇي»، «ئۆزلەشكەن خۇيخۇي» دېگەن بۇ ئاتالغۇلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان. ۋاڭ رۇۋېي: «چيەنلۇڭ خان دەۋرىدىكى چى يۈنشىنىڭ «چىڭ سۇلالىسىغا تەۋە يۇرتلار ھەققىدە قىسقىچە بايان» دېگەن كىتابىدا «سەللىلىك خۇيخۇي»، «قىزىل دوپپىلىق خۇيخۇي» (红帽回)، ئۇيغۇر قارا خۇيخۇيلىرى (哈拉回辉合尔) قاتارلىق ناملار چىقىدۇ ... گۇاڭشۈ خان دەۋرىدىكى لى سىخۇڭنىڭ «غەربىي دىياردا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە» دېگەن كىتابىدا «ئۆزلەشكەن خۇيخۇي دېگەن نام ھازىرقى خەنزۇ خۇيخۇيلىرىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە، يات خۇيخۇيلەر ھازىرقى سەللىلىك خۇيخۇيلەرنى كۆرسەتسە كېرەك» دەيدۇ [26]. ئۇيغۇرلار «خۇيخۇي» دەپ ئاتالغانلىقتىن، ئۇيغۇرلار «خۇيخۇي يۇقرالىرى»، «خۇيخۇي ئەرلىرى»، «خۇيخۇي ئاياللىرى» دەپ، بەزىدە يەنە كەمسىتىلىپ «ئۇيغۇرەك» (回子) دەپمۇ ئاتالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەر، مەھەللىلىرى «خۇيخۇي شەھىرى»، «خۇيخۇي مەھەللىسى»، ئۆيلىرى «خۇيخۇي ئۆيلىرى»، ئۆرپ - ئادەتلىرى «خۇيخۇي ئۆرپ - ئادەتلىرى»، يېزىقى — «خۇيخۇي يېزىقى» دەپ ئاتالغان. «يېزىقى قۇشلارنىڭ ئىزىغا، قۇمۇچاققا ئوخشاش، توغرىسىغا ئوقۇلىدۇ»؛ «خۇيخۇي يېزىقى ئوڭدىن سولغا توغرىسىغا يېزىلىدۇ» [27] دېيىلگەن. شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئىچىدىكى قارا تەقىيىلىكلەر مەزھىبى بىلەن ئاق تەقىيىلىكلەر مەزھىبى «قارا تەقىيىلىك خۇيخۇيلەر»، «ئاق تەقىيىلىك خۇيخۇيلەر» دەپ ئاتالغان ... بۇ ئەھۋال جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىگىچە داۋاملاشقان. 1935 - يىلى «ئۇيغۇر» دېگەن نام رەسمىي بېكىتىلگەندىن كېيىنمۇ «سەللىلىك خۇيخۇي»، «خۇيخۇي» دېگەن ناملار داۋاملىق قوللىنىلىپ، شۇ چاغدا كىتاب، گېزىت - ژۇرناللاردا چىقىپ تۇرغان.

سالا مىللىتى مەملىكىتىمىزدە «خۇي» دەپ ئاتىلىدىغان ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان يەنە بىر مىللەت. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، گۇڭ جىڭخەننىڭ «شۇنخۇا تەزكىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە: «خېجۇنىڭ سالا دېگەن يېرى شەنخەيگۇەننىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئۇ يەردە 6 مىڭ ئائىلىلىكتىن كۆپرەك خۇيخۇي ئاھالىسى ئولتۇراقلاشقان» ① دېيىلگەن. بۇ يەردە ئېيتىلغان «خۇيخۇي ئاھالىسى» ئاساسلىقى سالا مىللىتىنى كۆرسىتىدۇ. گۇڭ جىڭخەن سالا خېمالۇخۇ، سۇشىسەنلەرنى «سالا خۇيخۇي»، خەن ئېرگىنى «باي خۇيخۇي» دەپ ئاتىغان. بۇ كىتابنىڭ «خۇيخۇي توپىلىڭى» نىڭ 8 - جىلدىدا، چيەنلوڭ خان دەۋرىدىكى «سۇشىسەن ۋەقەسى» يەنى سالا، خۇيزۇ مىللەتلىرىنىڭ چىڭ خاندانلىقىغا قارشى بىرلەشمە كۈرىشى، ئۇنىڭدىن كېيىن تۇڭجىز، گۇاڭشۈي دەۋرلىرىدە سالا ۋە خۇيزۇلارنىڭ چىڭ خاندانلىقىغا قارشى كۈرىشىمۇ «خۇيخۇيلەر توپىلىڭى» دېيىلىپ، ئۇنىڭغا قاتناشقانلار «خائىن خۇيخۇي» ھەتتا «قاراقچى خۇيخۇي»، «باندىت خۇيخۇي» دەپ ئاتالغان. بۇ يەردىكى «خۇيخۇي» سۆزى سالا، خۇيزۇ ۋە دۇڭشياڭ مىللەتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر. سالا مىللىتى بىلەن خۇيزۇلار ئوتتۇرىسىدا كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان پەرق بولغانلىقى ئۈچۈن، «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى»، «لەنجۇ ھەققىدىكى قىسقىچە خاتىرە» دېگەن كىتابلاردا سالا مىللىتى «سالا خۇيخۇي»، بەزىدە يەنە «سالا تىبەت خۇيخۇيلىرى» (撒拉番回) ۋە «تىبەت خۇيخۇيلىرى» (番回) دەپمۇ ئاتالغان. سالا مىللىتىنىڭ نېمە ئۈچۈن «سالا تىبەت خۇيخۇيلىرى» دەپ ئاتالغانلىقى ھەققىدە ئاگۇي مۇنداق چۈشەندۈرۈش بەرگەن: «سالا تىبەت خۇيخۇيلىرى ئەمەلىيەتتە خۇيخۇيلەر، ئۇلار سالا تىبەت يېرىدە ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن تىبەت خۇيخۇيلىرى دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك، تىبەتلىكلەرنىڭ ھەممىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدۇ» ②. شۇڭا ئاگۇينىڭ بۇ چۈشەندۈرۈشى بىر قەدەر ئېنىق، ئۇ ئېيتقان تىبەتلىكلەر زاڭزۇلارنى كۆرسىتىدۇ. سالا مىللىتىنى «سالا خۇيخۇيلىرى» دەپ ئاتاش ئازادلىق ھارپىسىغىچە داۋاملاشقان.

ئازادلىقتىن بۇرۇن يەنە «موڭغۇل خۇيخۇيلىرى» (蒙回) دېگەن ناممۇ بولغان، ئۇ ئاراشەن خوشۇنىدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر قىسىم موڭغۇللارغا قارىتىلغان. فەن چاڭجياڭ 1935 — 1936 - يىللىرى غەربىي شىمالغا تەكشۈرۈشكە بېرىپ مۇشۇ جايدىن ئۆتكەندە، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «... يول بويىدا موڭغۇللارنىڭ قوي قوتانلىرىنى كۆرۈپ، ئاتتىن چۈشۈپ ئۇلارنىڭ ئاددىي ياسالغان كىگىز ئۆيلىرىگە كىرىپ چاي ئىچتىم. ئۇلارنىڭ بۇرنى ئېگىز، كۆزى سەل كۆلرەڭ بولۇپ، ئادەتتىكى موڭغۇللارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ دەل

«خۇيخۇي مونغۇللىرى» ياكى «مونغۇل خۇيخۇيلىرى» دېيىلگەنلەر ئىكەنلىكىنى بىل-
دىم. ئۇلار ھازىر كىچىك ئۆيدە تۇرىدىكەن، مونغۇلچە سۆزلىشىدىكەن، كىيىم - كېچەك-
لىرىمۇ مونغۇلچە ئىكەن. مونغۇللاردەك كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدا ياشايدى-
كەن، سىياسىي جەھەتتە ئاراشەن خوشۇنىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىكەن، لېكىن ئۇلار لاما
دىنىغا ئېتىقاد قىلماي، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن، يىراق جايلاردىن ئاخۇن-
لارنى چاقىرىپ كېلىپ قۇرئان ئوقۇتىدىكەن» [31]. ئۇنىڭ بىلەن زاماندىش ماخېتيەن
«غەربىي شىمالنى تەكشۈرۈش خاتىرىسى» دە، چىڭخەيدىكى خۇالۇڭ (بارۇن) مىللەت-
نىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ناھىيە ئاھالىسى خەنزۇ، خۇيزۇ، زاڭزۇ ئۈچ
مىللەتتىن تەركىب تاپقان. خۇيزۇلار يەنە تىبەت خۇيزۇلىرى، سالا خۇيزۇلىرى
دەپ بۆلۈنىدىكەن» [31]. ماخېتيەن ئېيتقان «تىبەت خۇيخۇيلىرى» غا ئوخشمايدۇ.
ئۇ بەلكىم ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان زاڭزۇلار بولسا كېرەك. چۈنكى يېقىندا
بەزىلەر شۇ جايغا بېرىپ مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان [illegible].

قىسقىسى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن جۇڭخۇا مىنگو يىللىرىغىچە، مەملىكىتىمىزدە
ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى «خۇيخۇي» دەپ ئا-
تالغان. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى چوڭ بولغانلىقتىن «سەللىلىك خۇيخۇي»،
«قارا خۇيخۇي»، «سالا خۇيخۇي»، «تىبەت خۇيخۇيلىرى»، «مونغۇل خۇيخۇيلىرى»،
دېگەن ناملار، بەزىدە ھەتتا ئۇلارنى كەمسىتىدىغان، ھاقارەتلەيدىغان «خەنزۇ خۇي-
خۇيلىرى»، «ئۆزلەشكەن خۇيخۇيلەر»، «يات خۇيخۇيلار» دېگەنگە ئوخشاش نام-
لارمۇ ئىشلىتىلگەن. بەزىدە يەنە ئولتۇراقلاشقان جايىغا قاراپ، شىنجاڭدىكى ئۇي-
غۇرلار بەزىدە «غەرب خۇيخۇيلىرى» دەپ ئاتالسا، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار گەنسۇ،
نىڭشىيا، چىڭخەيدىكى خۇيزۇلارنى تۇڭگان دەپ ئاتىدى [illegible]. بۇ ناملارنىڭ توغرا
ۋە ئىلمىي ئەمەسلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىناق - ئىتتىپاق بولۇشىغا پايدىسىز ئىكەن-
لىكى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم. ئازادلىقتىن كېيىن، تارىخىي ئەنئەنە ۋە خەلقنىڭ
ئارزۇسىغا ئاساسەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ نام-
لىرى رەسمىي بېكىتىلىپ، يۇقىرىدىكى ناملار بىر تارىخىي ئىسىم بولۇپ قالدى.
1956 - يىلى گوۋۇيۈەن مەملىكىتىمىزدە «ئىسلام دىنى» دەپ ئاتاش توغرىسىدا ئۇق-
تۇرۇش چىقاردى. ئۇ ئۇقتۇرۇشتا: «ئىسلام دىنى — خەلقئارالىق دىن، خەلقئارادا
ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدىغان نام، شۇڭا بۇندىن كېيىن ئىسلام دىنىنى «خۇيخۇي
دىنى» دەپ ئاتىماي، بىردەك ئىسلام دىنى دەپ ئاتاش كېرەك، دەپ كۆرسىتىلدى [illegible].
بۇنىڭ بىلەن «خۇيخۇي» دېگەن سۆز بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ پەرقى قايتىدىن ئاي-
دىڭلاشتۇرۇلدى.

تارىخ تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچتا تەكرارلاندى.

ئىزاھلار:

(1) چېن يۈەن: «خۇيخۇي دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىش تارىخى» «شەرق ژۇرنىلى» 25 - توم، 1 - سان (1928 - يىل 1 - ئاي)، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى نەشر قىلغان «چېن يۈەننىڭ ئىلمىي ماقالىلىرى توپلىمى» نىڭ 1 - قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن.

(2) جىن جىتاڭ: «جۇڭگو ئىسلام دىنى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، 1935 - يىل چىڭدا پىداگوگىكا شۆيۈەنى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

(3) ۋاڭ رىۋېي «خۇيزۇلار ۋە ئىسلام دىنى ھەققىدە مۇلاھىزە» 1936 - يىل 2 - ئاي، «يۈگۇڭ» ژۇرنىلى ٧ توم 11 - سان.

(4) ياڭ جۈ جيۇ: «خۇيخۇي دېگەن سۆزنىڭ مەنبەسى ۋە ئۆزگىرىشى» «جۇڭگو ئىسلام دىنى ۋەتەن قۇتقۇزۇش جەمئىيىتى ژۇرنىلى» II توم، 4 - سان، 1940 - يىل 6 - ئاي.

(5) سېن جۇڭمىيەن: «‹خۇيخۇي› دېگەن سۆزنىڭ مەنبەسى» «جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ تارىخ - جۇغراپىيەسى ئۈستىدە مۇھاكىمە»، 433 - بەت.

(6) بەي شۇيى: «خۇيخۇي مىللەتلىرىنىڭ يېڭى ھايات» شەرق كىتابخانىسى، 1951 - يىل نەشرى.

(7) ۋاڭ گوۋېي: «قارا تاتارلارنىڭ قىسقىچە تارىخىغا ئىزاھ»، شاڭخەي قەدىمىي ئەسەرلەر كىتابخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. «ۋاڭ گوۋېي توپلىغان ئەسەرلەر»، 13 - قىسىم. ماقالىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن «قارا تاتارلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى شۇ كىتابتىن ئېلىنغان. ئىرناق ئىچىدىكى سۆزلەر ئەسلىدە ئىككى قۇر يېزىلغان ئۇششاق خەت بولۇپ، ئۇنى پېڭ دايا ئۆزى ئىزاھلىغان.

(8) تۇجى: «موڭغۇل تارىخى» 155 - توم، «رەڭدار كۆزلۈك ئورۇق - قوۋملەر» 2 - قىسىم.

(9) بەي شۇيى: «جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «جۇڭگو ئىسلام دىنى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 21 - بەت.

(10) جۇمى: «گۇيشىن ژۇرنىلى» 2 - توم، 2 - قىسىم.

(11) جىن جىتاڭ: «جۇڭگو ئىسلام دىنى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات».

(12) جىڭ سىشياۋ: «قەلب تارىخى».

(13) جۇمى: «گۇيشىن ژۇرنىلى» ئايرىم توپلام، 1 - قىسىم.

(14) بەي شۇيى: «خۇيزۇلارنىڭ تارىخىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە»، «ئۆگىنىشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى».

(15) خەن زۇلىن: «يەنە ئەيسا ھەققىدىكى ئىزدىنىش»، «چيۇگىلۇ توپلىمى»، 34 - بەت.

(16) «قۇرئان» نىڭ 3 - سۈرە 9 - ئايىتىدە: «ھەقىقەتەن ئاللانىڭ مەقبۇل دىنى — ئىسلامدۇر» دېيىلگەن. 5 - سۈرە 3 - ئايىتىدە: «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلا بولۇشقا تاللىدىم» دېيىلگەن. 6 - سۈرە 125 - ئايىتىدە: «ئاللا كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ» دېيىلگەن.

(17) جاۋزۇشى: «تەۋە يۇرتلار تەزكىرىسى» 1 - توم، «ئاق تاتارلار دۆلىتى» ماددىسى.

(18) چېن يۈەن: «ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىش تارىخى».

(19) ماخۇەن يازغان، فېڭ چېڭجۈن تەرىپىدىن ئىزاھلانغان «يىراق ئەللەردە كۆرگەنلىرىم»، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1955 - يىل.

(20) (23) بەي شۇيى: «خۇيخۇي مىللەتلىرىنىڭ يېڭى ھاياتى».

(21) بەي شۇيى: «جۇڭگو ئىسلام دىن تارىخىدىن ئۈچېرك» ۋېنتۇڭ كىتاب ئىدارىسى، 1948 - يىل.

(22) بەي شۇيى قاتارلىقلار تۈزگەن «خۇيخۇي مىللەتلىرىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1951 - يىل.

(24) بەي شۇيى: «خۇيزۇلار تارىخىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە».

(25) ۋېي يۈەن: «شىڭۋۇ خاتىرىسى» 4 - جىلد، «چيەنلۇڭ خانىنىڭ ئۇيغۇر رايونىنى تىنجىتىش خاتىرىسى».

(36) ۋاڭ رىۋېي: «ئۇيغۇر (سەللىلىك خۇيخۇي) مىللىتىنىڭ نامىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى تەتقىقات»، «يۈگۇڭ» ژۇرنىلى، VII توم، 4 - سان.

(27) «غەربىي رايوندا كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە» VII توم، «غەربىي رايون توغرىسىدىكى شېئىرلار» III توم، «ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىغا دائىر قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى» نىڭ 2 - قىسمىدىن ئېلىنغان نەقىل.

(28) گۇڭ جىڭخەن: «شۈنخۇا تەزكىرىسى»، I توم «تۈزۈلمە ئىشلىرىنىڭ تەرەققى


( داۋامى 20 - بەتتە )

# شىنجاڭ
# ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

新疆社会科学研究

(ئىچكى ژۇرنال)

ئومۇمىي 66 - سان

6

1988

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى

新疆维吾尔自治区社会科学院

# ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى توغرىسىدا

ئوسمانجان ئىبراھىم

ئىسلام دىنى ئۈچ چوڭ دۇنياۋى دىنىنىڭ بىرى بولۇپ، خرىستىئان دىنىدىن قالسا دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ھازىر دۇنيادا 70 تىن ئارتۇق دۆلەتتە تەخمىنەن 800 مىليون ئاھالە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. مەملىكىتىمىزدىمۇ 10 دىن ئارتۇق مىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەخمىنەن 13 مىليون ئاھالە ئارىسىدا بۇ دىنىنىڭ تەسىرى خېلى چوڭ.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىدىن ھېسابلىغاندا، ئىسلام دىنى شىنجاڭدا 1000 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچىلار IX ئەسىردە شىنجاڭغا كىرگەن. ئۇلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرى نىشاپورلۇق شەيخ ھەسەن بارسى بىلەن ئەبۇ ناسىر سامانىدۇر. ئۇندىن باشقا، ئەرەب ساياھەتچىسى ئىبنى ئەل ئاتىر 960 - يىلى 20 مىڭ ئۆيلۈك تۈرك قەبىلىسىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. ئالىملار بۇ قاراخانىلار سۇلالىسىدىكى تۈركىي قەبىلىلەرنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارىدى. بۇ دەلمۇسا دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا نۇرغۇن تارىخشۇناسلار مۇسا شۇيىلى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ جاكالىغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام دىنى تارىخىدا تۇنجى قېتىم تۈركىي تىلدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىسلامىيەت سۇلالىسىنىڭ تارىخىي رەسمىي باشلاندى دەپ ھېسابلايدۇ.

ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرىشتىن ئىلگىرى، ھازىرقى شىنجاڭدا قاراخانىلار ھاكىمىيىتى، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ۋە خوتەندىكى ياغلىقالقۇ سۇلالىسىدىن ئىبارەت ئۈچ ھاكىمىيەت مەۋجۇت بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە بۇددا دىنى دۆلەت دىنى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قاراخانىلار ئەڭ ئاۋۋال ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىدۇ. قارا خانىلار خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى بىلگە كۆل قادىرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىككى ئوغلى ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىدۇ. چوڭ ئوغلى باسىر چوڭ خان بولۇپ، بالا ساغۇننى ئىدارە قىلىدۇ. كىچىك ئوغلى ئوغۇلچاق قادىرخان تالاسنى ئىدارە قىلىدۇ. «قەشقەر تارىخى» دىن ساقلىنىپ قالغان پارچىلاردىن بىزگە شۇ نەرسە مەلۇمكى، ئوغۇلچاق سامانىلار پادىشاھى ئىسمايىل ئىبنى ئەھمەت بىلەن زاماندىش بولۇپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولىدۇ. تالاس ئۇزاق مۇھاسىرىدە قالغاندىن كېيىن، 893 - يىلى 3 - 4 - ئايلاردا ئىسمايىل تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىدۇ. ئوغۇلچاقنىڭ 10 مىڭ ئەسكىرى ھالاك بولۇپ، خوتۇنى ۋە 15 مىڭ ئادىمى ئەسىرگە

چۈشىدۇ. ئوغۇلچاق پايتەختنى قەشقەرگە يۆتكەپ، سامانىلار سۇلالىسى بىلەن داۋاملىق ئۇرۇش قىلىدۇ. 904-يىلى قەشقەردىن ئەسكەر چىقىرىپ، سامانىلار سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئوغۇلچاق سامانىلار سۇلالىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، سامانىلار سۇلالىسىنىڭ ماۋارەئۇننەھردىن قېچىپ چىققان شاھزادىسى ئەبۇ ناسىر سامانىنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، ئاتۇشقا جايلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئوغۇلچاقنىڭ جىيەنى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەزكۇر شاھزادىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئەڭ ئاۋۋال ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى تارقىتىش بىلەن مەشھۇر بولۇپ، مىڭلىغان، 10 مىڭلىغان بۇددا ۋە خىرىستىئان مۇرىتلىرىنى مۇسۇلمان قىلىدۇ» ①.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى ئىسمى ئابدۇكېرىم، ئۇ ھىجرىيە 344-يىلى (مىلادى 955—956-يىللىرى) ۋاپات بولىدۇ. قەبرىسى ئاستىن ئاتۇشتىكى مەشھەت دېگەن يەردە.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان بالاساغۇننىڭ بۈيۈك خانى بىلەن 942-943-يىللىرى جىددىي ئۇرۇش قىلىپ، بالاساغۇننى ئىشغال قىلىدۇ. سۇلتان سۇتۇق ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بارىتاش (دىنى ئىسمى مۇسا ئىبنى ئابدۇكېرىم) ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئۇ چوڭ تارماقتىكى چوڭ خاننى يوقىتىپ، ئۆزىنى ئارسلانخان (ياكى قارىخان) دەپ ئاتايدۇ ۋە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارنى ئىسلاملاشتۇرىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا قارا خانىلار سۇلالىسىنىڭ كۈچى خېلى زور بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سامانىلار سۇلالىسىنى يوقىتىدۇ. ۋامبېرىنىڭ «بۇخارا تارىخى» دا، سامانىلار سۇلالىسى يوقىتىلغاندىن كېيىن، بۇخارا قەشقەردىكى قارا خانىلار سۇلالىسىگە قارام بولدى، دېيىلگەن. قارا خانىلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش قىزغىنلىقى بىلەن قىلىچ ئارقىلىق ھەممىلا يەردە دىن تارقىتاتتى. لېكىن بۇ پەقەت جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدىكى شەھەرلەر بىلەنلا چەكلىنەتتى.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىككى نەۋرىسى بولۇپ، بىرىنىڭ ئېتى ئەلى ئارسلانخان، يەنە بىرىنىڭ ئېتى ھەسەن بۇغراخان. بۇ ئىككىسىنىڭ ئەۋلادلىرى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئىككى تارمىقى بولۇپ قالىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، ئەلىنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇنىڭ توقانغان ئىسىملىك بىر بالىسى بىر مەزگىل قەشقەر رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن باشقا، ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ھەسەن بۇغراخاننىڭ ئەۋلادلىرى ئاساسەن ھازىرقى شىنجاڭ رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ھەسەن بۇغراخاننىڭ پايتەختى بالاساغۇن، ئۇ 992-يىلى

ۋاپات بولغان. پېئللىئوتنىڭ ئېيتىشىچە، ھەسەن بۇغراخان قەشقەر رايونىنى ئىسلام دىنىغا ئېتقاد قىلدۇرغان. ئارسلانخانمۇ ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن شېھىت بولغان. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇ يېڭىسارنىڭ شەرقىي شىمالىدا دىن تارقىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان جەڭدە 998 - يىلى ۋاپات بولغان. بۇ ۋەقە ئەينى ۋاقىتتا ئىسلام دىنى تارقالغان جايلارنىڭ قارا خانىلار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دائىرىدىلا بولۇپ، شەرق تەرەپتە قەشقەرنىڭ شەرقىدىن ئانچە ئۇزاققا بارمىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ھەسەن بۇغراخاننىڭ ئوغلى يۈسۈپ قىدىر خاندۇر. ئۇ قەشقەردىكى توقانىخان ۋە ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئەۋلادلىرىنى ھازىرقى شىنجاڭ رايونىدىن سىقىپ چىقارغان. ئۇ شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى ئاكتىپ تارقاتقان. قەدىمكى پۇللاردىن بىز شۇنى بىلەلەيمىزكى، يۈسۈپ قېدىرخان 1013 - 1014 - يىللىرى يەكەنگە، 1014 - 1015- يىللىرى قەشقەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

قۇتەيبە ۋە ئىبنى ئەل ئاتىر يۈسۈپ قېدىرخاننى خوتەننىڭ ھۆكۈمرانى دەپ ئاتايدۇ. بۇنى خوتەننى ئىسلاملاشتۇرۇش ئەمەلىيىتىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. ستېيىن «قەدىمكى خوتەن» دېگەن ئەسىرىدە يۈسۈپ قېدىرخان 40مىڭ ئەسكىرى بىلەن 24 يىلدىن ئارتۇقراق ئۇرۇش قىلىپ، خوتەننى ئالدى دەيدۇ. خوتەن بۇددىستلىرىنىڭ تۇبۇتلەر بىلەن مۇناسىۋىتى بولغاچقا، ئۇلار خوتەن بۇددىستلىرىغا جەنۇب تەرەپتىن ياردەم بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەزەلدىنلا ئىسلام لەشكەرلىرىگە ئۆچمەنلىكى كۈچلۈك بولغاچقا، خوتەن بۇددىستلىرىغا ئۇلار شىمال تەرەپتىن ياردەم بەرگەن. شۇنداق بولسىمۇ مەدايىن (بۇخارا) دىكى خەلىپىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن 1006 - يىلى يۈسۈپ قېدىرخان خوتەننى ئىشغال قىلغان.

بۇ قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ نەچچە 10 يىللىق ئېچىنىشلىق قانلىق ئۇرۇش ئارقىلىق خوتەن بۇددىستلىرىنى بۇددا دىنىدىن يېنىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتقاد قىلىشقا مەجبۇر قىلغانلىقىنى، شۇ جەرياندا مىڭلىغان، 10 مىڭلىغان خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تۈردە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، ئىلگىرى بىر مەھەل گۈللەنگەن مەدەنىيەتنىڭ كۆيدۈرۈلۈپ يوقىتىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يۈسۈپ قېدىرخان مىلادى 1031 - 1032 - يىللىرى ۋاپات بولىدۇ. ئۇ ۋاپات بولۇش ۋاقتىدا ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، خوتەن، يەكەن، يېڭىسار قاتارلىق جايلارغا، يەتتىسۇ ۋە سىر دەرياسىنىڭ شەرقىي قىسمىغىچە كېڭەيگەن، مەركىزى قەشقەر ئىدى.

قارا خانىلار سۇلالىسى ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەڭ كۈچلۈك سۇلالىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ كەڭ تارقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. قارا خانىلار سۇلالىسى ئۆز قارىمىقىدىكى رايونلاردىلا زورلۇق كۈچ بىلەن ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىپ، بۇددا مۇرىتلىرىنى مەجبۇرىي مۇسۇلمان قىلىپ قالماستىن، بەلكى «ئىستىلا» ۋاستىسى بىلەن ئىسلام دىنىنى باشقا رايونلارغا تارقاتقان. قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردا ئىسلام دىنى مانا مۇشۇنداق تارقالغان. بۇ سۇلالە XII ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى قىتانلار بېسىپ كەلگەنگە قەدەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان.

قارا خانىلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ دىنىي بىر تەرەپلىمىلىكى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، يات دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويمايتتى ۋە دائىم غازات نامى بىلەن قانلىق ئۇرۇش ئارقىلىق دىن تارقىتاتتى. يات دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويمىغاچقا، يات دىنىنىڭ تەسىرى ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن مەدەنىيەتكىمۇ دۈشمەنلىك بىلەن قارايتتى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىدىقۇت رايونىدىكى ئۇيغۇرلار باشقا مىللەتنىڭ ۋە يات دىنىنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن مەدەنىيەتكە خېلى ئېتىبار بىلەن قارايتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەتتە يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى ۋە گۈللەنگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئىدىقۇت رايونىدىن 10 نەچچە خىل يېزىقتىكى كىتابلار تېپىلدى. ئۇ يەردە مەتبەئە تېخنىكىسى تەرەققىي تاپقان، ھەر خىل مەدەنىيەت تارقالغان.

قاراخانىلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلار ئىدىقۇت رايونىغا ئوخشىمايتتى. قاراخانىلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا ئىسلام دىنى ھەممىنى ئۆز ئىختىيارىغا ئالدى، بارلىق مەدەنىيەتلەر ئىسلام دىنى بايرىقى ئاستىدا مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. بارتولد قاراخانىلار سۇلالىسىدىكىلەر «ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت تارىخىنى تېزلا ئۇنتۇدى»، «ئەرەب ئېلىپبەسى بىر مەھەل قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن بىللە ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن كېيىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئۇنتۇلدى»③ دەيدۇ.

شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى 1125 - يىلىدىن باشلاپ، جۇڭگو تارىخىدا غەربىي لياۋ دەپ ئاتالغان قارا خىتايلار (قىتانلار) نىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى. قىتانلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كېلىشى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. بولۇپمۇ كۈچلۈك ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ئىسلام دىنى قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى.

كۇچلۇك — ئالتاي تاغلىق رايونىدىكى نايمان قەبىلىسى ئاقساقىلىنىڭ بالىسى. چىڭگىزخان نايمانلارغا ھۇجۇم قىلغاندا، كۇچلۇك غەربىي لياۋغا قېچىپ بېرىپ، پادىشاھقا كۈيئوغۇل بولىدۇ. نايمان قەبىلىسىدىكىلەر ئەسلىدە كۆپرەك خىرىستىيان دىنىغا ئىشىنەتتى. كۇچلۇك خوتۇنى غەربىي لياۋ مەلىكىسىگە ئەگىشىپ، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. كۇچلۇك 1211 – 1212 - يىللىرى ئەمەلىيەتتە غەربىي لياۋنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. ئۇ يەتتىسۇ ۋادىسى، سىر دەريا ۋادىسىنىڭ بىر قىسمى ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە شىنجاڭ تارىخىدا بىرىنچى قېتىم ۋە ئاخىرقى بىر قېتىم ئىسلام دىنىغا قاتتىق زەربە بېرىلدى. ئۇ خوتەن رايونىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئىمامى ئالائۇددىن مۇھەممەتكە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، ئىسلام دىنىنىڭ پائالىيىتىنى پۈتۈنلەي توختاتتى. مۇسۇلمانلارغا قىتانلارچە كىيىم كىيىپ، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئەسكەرلەرنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئائىلىسىگە نازارەت قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنىنى قاتتىق چەكلىدى ۋە ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بەردى. بەزى مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدە، مەسىلەن، جۇۋەينىنىڭ «تارىخى جاھان كۈشاي» دېگەن ئەسىرىدە بۇ ۋەقە نەپرەت بىلەن بايان قىلىنغان. XVI ئەسىردىكى مۇسۇلمان ئاپتور مىرزا ھەيدەر كوراگاننىڭ «تارىخى رەشىدى» ناملىق ئەسىرىدىمۇ «جاھان كۈشاي» دىكى بۇ ۋەقە كۆچۈرۈلۈپ بايان قىلىنغان. بۇ ئابزاستا مۇنداق دېيىلىدۇ. «كۇچلۇك قەشقەرنى بېسىۋېلىپ، خىرىستىيان دىنىنى تاشلاپ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئۇ رايونلاردىكى خەلقلەرنى ئۆزىنىڭ پاك ئېتىقادى ئىسلام دىنىنى تاشلاپ، ناپاك بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا بۇيرىدى. ئۇ قاتتىق ۋاسىتىلەر بىلەن يەرلىك خەلقنى قىتانلارنىڭ كىيىمىنى كىيىشكە ۋە قىتانلارچە زىننەت بۇيۇملىرى ئېسىشقا مەجبۇر قىلدى، توپلۇشۇپ ناماز ئوقۇشقا، دۇئا قىلىشقىمۇ يول قويمىدى».

«كۇچلۇك بارلىق بىلىملىك ۋە تەقۋادار مۇسۇلمانلارغا تۈزلەڭلىككە بېرىپ ئۆزى بىلەن مۇنازىرە قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن 3000 دىن ئارتۇق ئىمام تۈزلەڭلىككە باردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالائۇددىن مۇھەممەت ئىسىملىك بىر ئىمام بار ئىدى. ئۇ كۇچلۇككە يېقىن ئولتۇرۇپ، دىنىي مەسىلە ئۈستىدە كۇچلۇك بىلەن مۇنازىرىلەشتى. كۇچلۇك قاتتىق ئاچچىقلاپ، مۇقەددەس پەيغەمبەرلەرنى تىللىدى. ئالائۇددىن مۇھەممەت چىداپ تۇرالماي، ۋاقىراپ: ئاغزىڭنى يۇم، سەن راستىنلا دىنىنىڭ دۈشمىنى، ئۆلتۈرۈشكە تېگىشلىك ئىكەنسەن، دېدى. كۇچلۇك تېخىمۇ غەزەپلىنىپ، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئالائۇددىننى قولغا ئالدى. ئالائۇددىننىڭ

كېيىمىنى سالدۇرۇپ، كىشەن سېلىپ ئۇنى ھەم ئاچ، ھەم ئۇسسۇز قويۇپ، ئىسلام دىنىدىن ۋاز كېچىپ، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىش توغرىسىدا قەسەم قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. لېكىن ئالاۋۇدۇن باش ئەگمەي، ئاخىرى مەدرىسىنىڭ ئىشىكىگە مىقلاپ ئۆلتۈرۈلدى» [1].

يۇقىرىدىكىلەر گەرچە مۇسۇلمان ئاپتورنىڭ غەزەپكە تولغان، شۇنداقلا ئىسلام دىنىنى تەرغىپ قىلغان سۆزلىرى بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، غەربىي لياۋ دەۋرى ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان دەۋردۇر.

چىڭگىزخان شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوگداي، چاغاتاي، گۈيۈكخان، مۆڭكېخان، قۇبلاي قاتارلىق ۋارىسلىرى ئىچىدە ۋە پۈتۈن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە مۆڭكېخاننىڭ ئىسلام دىنىغا بىر ئاز يان باسقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ھەر خىل دىنلارنىڭ ھەممىسىگە ئەتراپلىق سىياسەت قوللاندى. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تېررىتورىيىسى كەڭ، ئۇرۇق - قەبىلىلىرى كۆپ بولغاچقا، ھەر خىل دىنلاردىن پايدىلىنىپ، ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشكە توغرا كېلەتتى. شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر قىسىم مۇسۇلمانلار يەرلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلىققا تەيىنلەندى. مەسىلەن، بۇخارا، سەمەرقەنت، ئۈرگەنچ، خوتەن، قەشقەر، يەكەن، كۇچا قاتارلىق شەھەرلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادىتىنى ياخشى چۈشىنىدىغان مۇسۇلمانلار باشقۇراتتى. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىسلام دىنىنىڭ شارائىتى غەربىي لياۋ دەۋرىگە قارىغاندا كۆپ ياخشىلاندى.

لېكىن يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدە، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدىكى دائىرىسى ۋە كۈچى تېخى چەكلىك ئىدى. «مارك پولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» گە قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى رايونلىرى پەقەت قەشقەر، يەكەن، خوتەن، چەرچەن، لوپ قاتارلىق جايلار بولۇپ، بۇ جايلاردا خىرىستىئان مۇرىتلىرى ۋە چىركاۋلارمۇ مەۋجۇت ئىدى. خۇاڭ ۋېنبىنىڭ «تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك خاتىرىسى» دە، سۇڭ لىزۇڭ دەۋرىدە (1225 — 1264) ئىسلام دىنى كۇچاغا تارقالغان [2]، دېيىلىدۇ. باشقا رايونلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەن ۋاقتى ئۇنىڭدىنمۇ كېيىن.

1368 - يىلى يۈەن سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭ رايونىدا يەنىلا چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى بالىسى چاغاتاينىڭ ئەۋلادى تۇغلۇق تۆمۈرخان (1343 — 1363) تەختكە چىقىدۇ. شىنجاڭنىڭ چاغاتاي موڭغۇللىرى ئەسلى ئىسلام

دىنىغا ئېتىقات قىلمايتتى. مىرزا ھەيدەر كوراگانىنىڭ «تارىخى رەشىدى» سىدىكى بايانلارغا قارىغاندا، تۇغلۇق تۆمۈرخان شىنجاڭ رايونىدا بىرىنچى قېتىم ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان موڭغۇل خانىدۇر. «تارىخى رەشىدى» نىڭ بېشىدىلا تۇغلۇق تۆمۈرخانىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى توغرىسىدىكى بىر ھېكايە سۆزلىنىدۇ. تۇغلۇق تۆمۈرنى شەيخ جامالىدىن سۆز بىلەن قايىل قىلىپ، ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەن. جامالىدىنىنىڭ ئاتىسى موللا خوجا ئەخمەت بۇخارادا تۇراتتى، چىڭگىزخان دەۋرىدە سۈرگۈن قىلىنىپ، شىنجاڭغا كەلگەن. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى شىنجاڭدا دىن تارقىتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. كېيىن شەيخ جامالىدىن ئاقسۇغا كېلىپ، ئۇ يەردە تۇغلۇق تۆمۈرخانغا يولۇقۇپ، تۇغلۇق تۆمۈرخاننى سۆز بىلەن قايىل قىلىپ، ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەن. ئەينى ۋاقىتتا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئاھالىلەر ۋە شۇ يەرلەردىكى ھۆكۈمران سىنىپلار ئەمەلىيەتتە بالدۇرلا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئىدى. شىنجاڭنىڭ نامدىكى پادىشاھى بولغان موڭغۇل خانىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى — ھۆكۈمران ئورنىدا تۇرۇۋاتقان موڭغۇل قەبىلىسىنىڭ يەرلىك ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كېتىشىدىكى مۇھىم بىر ئامىل. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشىنى تېزلىتىپلا قالماي، موڭغۇللارنىڭ يەرلىك ئۇيغۇرلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇش جەريانىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تۇغلۇق تۆمۈر ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، 160مىڭ موڭغۇل ئۇنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرگەن. تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادىنىڭ ھەممىسى تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇپ، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى داۋاملىق تارقاتقان. مەسىلەن، تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ كىچىك ئوغلى خىزىر خوجا ئۆزى لەشكەر تارتىپ، قارا قوچو بىلەن تۇرپاننى ئىشغال قىلىپ، شۇ يەردىكى ئاھالىلەرنى مەجبۇرىي مۇسۇلمان قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ رايونلارمۇ مۇسۇلمان رايونى بولۇپ قالغان.

خىزىر خوجىنىڭ ئوغلى مۇھەممەتخانمۇ ئىسلام دىنىنى قىزغىنلىق بىلەن كېڭەيتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ موڭغۇللارنى ناھايىتى قاتتىق ۋاسىتىلار بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرغان. مەسىلەن، ئەگەر بىر موڭغۇل سەللە يۆگىمىسە، ئۇنىڭ بېشىغا مىق قاققان. بۇنداق جازالار ئادەتتىكى ئىش ئىدى. شۇڭا ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە شىنجاڭ رايونىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدىكى موڭغۇل قەبىلىلىرى ئىسلام مۇرتىغا ئايلانغان.

«XVI ئەسىرنىڭ بېشىدا ئىسلام دىنى غەربىي ئاسىيا ۋە جەنۇبىي ئاسىيادا ناھايىتى كۈچىيىپ، ئۈچ چوڭ ئىسلام ئىمپېرىيىسى يەنى تۈركىيە ئوسمان ئىمپېرى-

يىسى، ئىران سەفاۋى سۇلالىسى ۋە ھىندىستاندىكى موغۇل ئىمپېرىيىسى بارلىققا كەلدى⑥». لېكىن شۇندىن كېيىن ئىسلام دىنى شەرققە تارقىلىش جەريانىدا توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. چۈنكى XVI ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە تىبەتنىڭ لاما دىنى شەرقىي موڭغۇللارغا كىردى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي موڭغۇللار يەنى ئويراتلارمۇ تېزلا لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. ئويراتلار چاغاتاي موڭغۇللىرىنى دۈشمەن كۆردى. چاغاتاي موڭغۇللىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقتىن، شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئىناقلىشىپ، تەدرىجىي مۇقىم ئولتۇراقلىشىش يولىغا ماڭدى ۋە تەدرىجىي ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى. تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلارمۇ كېيىن بولسىمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولغاچقا، XV — XVI ئەسىرلەردىن بۇيان شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن دىنىي ئېتىقاد، تىل-يېزىق، ئۆرپ-ئادەت قاتارلىق جەھەتلەردە بىردەكلىكنى ساقلاپ كەلدى. يېقىنقى زامان ئۇيغۇرلىرى بىلەن ھېچقانداق پەرقى قالمىدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، تۇغلۇق تۆمۈردىن كېيىن ئىسلام دىنى شىنجاڭدا مىسلىسىز كېڭەيدى. XVI ئەسىرگە كەلگەندە، ئىسلام كۈچلىرى بۇددا كۈچلىرىنى تامامەن سىقىپ چىقىرىپ، شىنجاڭدا بىردىنبىر ھۆكۈمران دىنغا ئايلاندى. XV — XVI ئەسىرلەردىن كېيىنكى مەزگىل ئىسلام دىنى شىنجاڭدا كەڭ تەرەققىي قىلغان مەزگىلدۇر. ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتى ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئادەم سانى ۋە رايونلارنىڭ كېڭىيىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئىسلام دىنى كىرگەن دەسلەپكى مەزگىلدە ئۇنىڭ كۈچى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمى بىلەنلا چەكلىنەتتى. كېيىن كېڭىيىپ تۇرپان رايونىغا يەتتى. «قۇمۇل، تۇرپانلاردا ئىسلام دىنى ئوخشاشلا تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، بۇددا دىنى ئىسلام دىنى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي سىقىپ چىقىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلىدىغان بىردىنبىر دىن بولۇپ قالدى»⑦. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، «قازاقلارمۇ 1582-يىلدىن بۇرۇن ئىسلام دىنىغا كىرگەن. قىرغىزلار تەخمىنەن XVIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىسلام دىنىغا كىرگەن بولۇشى مۇمكىن»⑧.

ئۇندىن قالسا، خوجىلار-فېئودال يانچىدار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تەسىرىمۇ بار. خوجىلار دىنىي جەھەتتە يۇقىرى ئورۇنغا، سىياسىي جەھەتتە زور تەسىرگە ئىگە ئىدى. خوجىلار جەمەتى تەدرىجىي ھاكىمىيەتنى كونترول قىلالايدىغان ئاقسۆڭەكلەرگە ئايلاندى.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۆزىنى مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ 26-ئەۋلاد نەۋرىسى دەۋالغان مەختۇم ئەزەمنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، بىرىنىڭ ئېتى خوجا مۇھەممەت ئىمىن، بىرىنىڭ ئېتى ئىسھاق خوجا بولۇپ، كېيىن بۇلار ئۆز ئەتراپىغا مۇرت توپلاپ،

ئاق تاغلىقلار ۋە قارا تاغلىقلار دېگەن ئىككى گۇرۇھ بولۇپ شەكىللەنگەن. ئاپپاق خوجا مەختۇم ئەزەمنىڭ پەر نەۋرىسى، مۇھەممەد يۈسۈپخوجىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئاق تاغلىقلارنىڭ ئاتاقلىق باشلىقىدۇر.

ئاپپاق خوجا تەسىرىنىڭ زورىيىشى دىندىن خالىي ھاكىمىيەت ئۈچۈن خەۋپ ئىدى. ئاپپاق خوجا بىلەن ئەينى ۋاقىتتا ھاكىمىيەت يۈرگۈزىۋاتقان چاغاتاي خانلىقىنىڭ كېيىنكى خانى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت كېلىپ چىقتى. يەكەننىڭ ھۆكۈمرانى ئىسمىن مۇھەممەتخان ئاپپاق خوجا كۈچلىرىنىڭ زورىيىشىغا ھەسەتخورلۇق قىلىپ، خوجا جەمەتلىرىنى يوقىتىشقا قەسەم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. قەشقەردىكى ئىسمايىلخان قارا تاغلىقلارنىڭ بىر مۇرىتى بولۇپ، ئۇمۇ ئاپپاق خوجىغا قاتتىق قارشى ئىدى. ئۇ ئاپپاق خوجىنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئاپپاق خوجا كەشمىرگە قېچىپ باردى. ئۆزىنى پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى، مۇسۇلمانلارنىڭ داھىسى دېۋالغان، «غازات» قىلىش توغرىسىدا توختىماي جار سالغان ئاپپاق خوجا بۇددا دىنىدىكى تىبەت دالاي لاماسىدىن ياردەم تىلىدى.

بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدا جۇڭغارلار (ئويراتلارنىڭ بىر قىسمى) بار ئىدى، جۇڭغارلارنىڭ باشلىقى غالدان ئىلگىرى تىبەتتە لاما بولغان. دالاي لاما ئاپپاق خوجىنى تونۇشتۇرۇپ، ئاق تاغلىقلارنىڭ بۇ باشلىقىغا ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلىپ خەت يازدى. قارانىيەت غالدان جەنۇبىي شىنجاڭنى بىسىۋېلىشنى ئويلاۋاتاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاپپاق خوجىغا ئىچكى جەھەتتىن ياردەم بېرىدىپ، 1678 - يىلى قوشۇن ئەۋەتىپ جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىستىلا قىلىپ، ئاپپاق خوجىنى باش ئەمەلدارلىققا تەيىنلەيدۇ. يەكەننى جەنۇبىي يولنىڭ مەركىزى قىلىپ، زور مىقتاردا ئەمەلدار ۋە قوشۇن ئەۋەتىپ جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرغۇزىدۇ، چاغاتاينىڭ كېيىنكى خانى ئىسمايىلخان ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى ئىلىغا ئاپىرىپ تۇتۇپ تۇرىدۇ.

جۇڭغارلار ئاپپاق خوجىنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەيىنلىگەندىن كېيىن، ئاق تاغلىقلار قارا تاغلىقلار بىلەن يەنىلا بىر مەزگىل ئۇرۇش قىلىدۇ. ئاخىرى ئاق تاغلىقلار غەلىبە قىلىدۇ. لېكىن ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى جۇڭغارلارغا بېقىندى بولۇپ قالغانلىقىغا رازى بولماي، پات - پات جۇڭغارلارغا ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. لېكىن بۇنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشمىدى. ئۇ يەنە «قۇرئان ۋە ھەپتىيەكتىن باشقا پۈتۈن كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. مەشھۇر ئالىملارنى، مەرىپەتپەرۋەر-كىشىلەرنى، ئەدىپ، تەرجىمانلارنى دارغا ئاستى. بەزى ئالىملارنى سۈرگۈن قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ خەلقىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى-ھەم مەدەنىيەت مىراسلىرى كۆلگە ئايلاندى» ⑨. 1693 - يىلى ئاپپاق خوجا ئۆلدى ⑩. ئاپپاق خوجا

ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھوقۇق تالىشىپ، بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشتى. قارا تاغلىق دانىيال خوجا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يەكەننى قولغا چۈشۈردى. ئاق تاغلىقلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان قەشقەرلىقلەر چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ ئاتىسى ئەختەتنى ئەكىلىپ، قەشقەرگە ھۆكۈمران قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى مەزھەپنىڭ ئۇرۇشى يەنە باشلاندى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش پۈتۈنلەي سىياسىي كۈرەشكە ئايلىنىپ كەتتى.

يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، شىنجاڭدا يەنە قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق مىللەتلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. لېكىن بۇددا دىنىمۇ تامامەن يوقۇلۇپ كەتمەيدۇ. XV ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە يەنە شىنجاڭدىكى موڭغۇللار ئېتىقاد قىلىدىغان دىن (تىبەتنىڭ ئەنئەنىۋى بۇددا دىنى ياكى لامادىنى) شىنجاڭغا تارقىلىدۇ. بۇددا دىنى بىر قىسىم خەنزۇلار، مانجۇلار، شىۋەلەر ۋە داغۇرلاردا بىر قەدەر چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە.

يىغىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭدا بۇددا دىنىنىڭ ھۆكۈمران ئورنۇدىن زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ گۈللىنىشى شىنجاڭنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىن ئايرىلمايدۇ. شۇڭا بىر خىل دىنىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى، بىر خىل دىنىنىڭ گۈللىنىشى تەسادىپىي ھادىسە ئەمەس. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، كىشىلەرنىڭ دىنى ئېتىقادى زادىلا ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە ئەمەس، ھەم ئەزەلدىن ئۆزگەرمەي كەلگەنمۇ ئەمەس.

ئىزاھلار

① ۋامبىرىنىڭ «بۇخارا تارىخى» دىن.

② پ. پىللىئوت: «تاتارلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى».

③ «شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» غا قاراڭ.

④ «تارىخى جاھان كۇشاي»، 1 - توم، 73 -، 81 -، 82 - بەتلەر.

⑤ خۇاڭ ۋېنبي: «تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك خاتىرىسى»، 31 - بەت.

⑨ «شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» نىڭ 265 - بېتىگە قاراڭ.

⑦ «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جۇڭگو ئىسلام دىنىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» نىڭ 253 - بېتىگە قاراڭ.

⑧ «شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى» نىڭ 267 - بېتىگە قاراڭ.

⑨ «يەكەن ئەدەبىياتى»، 1982 - يىل، 2 - سان، 39 - 40 - بەتلەر.

⑩ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال)، 1982 - يىل، 5 سان، 34 - بەت.